www.kitaphumar.com

ئەسەت سۇلايمان

# شەرق مۇتەپەككۇرى ـ ئەلشىر نەۋائى




تورغا تەييارلىغۇچى: كەتمەنباي(ساداقەتجان ھاجى)

★★★★★

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە.......................... .......... ...... ...... .. (3ـــ8)

1ـ باب: نەۋائىنىڭ ۋەتىنى..... ...... ...... ........... ...... (9ـــ21)

2ـ باب: نەۋائىنىڭ هايات يولى.. ...... ...... ........... .....(22ـــ42)

3ـ باب: نەۋائى دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغۇنىشى.....(43ـــ49)

4ـ باب: نەۋائىنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسى..... ........... ...... (50ـــ62)

5ـ باب: نەۋائى ئىجادىيەتىنىڭ بەدىئىي ئۆتۈقلىرى...... ...... .(63ـــ73)

6ـ باب: نەۋائىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ غايىۋى مەنبەلىرى (74ـــ89)...................................................

7ـ باب: نەۋائى ۋە تۈركىي تىل ئىنقىلابى... ... .... ...... ..(90ـــ108)

8ـ باب: نەۋائىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدا تۇتقان ئورنى ۋە تەسىرى (109ـــ129)...................................................

خاتىمە..................... ...... ............ ...... ...(130ـــ134)

★★★★★

# مۇقەددىمە

بۇ كىتاپ مۇشۇ كەمگىچە نەۋائى ھەققىدە يېزىلغان سان-ساناقسىز رىسالىلەر، تەرجىمىھالار، ئىلمىي ۋە خاس ئەسەرلەر ئىچىدىكى ناھايىتى ئاددىي بىر كىتاپچە، خالاس.

بۇنىڭدىن بەش ئەسىر مۇقەددەم، يەنى مىلادىيە ھېسابى بويىچە يېڭى بىر ئەسىر باشلانغان يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈنى بۈيۈك شائىر نەۋائى بىر توپ جامائەتنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىرات شەھرىدىن چىقىپ، ئاستراباد يۆرىشىدىن قايتىپ كەلگەن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئىستىقبالىغا چىقىدۇ. يىراقتىن سۇلتاننىڭ مەيسى كۆرۈنىشى بىلەن نەۋائى ئاتتىن چۈشىدۇ-يۇ، تۇيۇقسىز بېشى قېيىپ يەرگە يىقىلىدۇ. شائىر شۇ يىقىلغىنىچە سۆزدىن قالىدۇ ۋە قايتا ھوشىغا كېلەلمەيدۇ. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھىمايىسىدە ھىرات شەھرىگە ئېلىپ كېلىنىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

بۇ دەل ھىجرىيە 906-يىلى 12-جامادىيەلئاخىر، يەنى مىلادىيە ھېسابى بويىچە 1501-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى ئىدى.

نەۋائىنىڭ ۋاپاتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۈيۈك بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇ ئاران 60 يىللا ياشىدى. ئەمما ئۇ ئاجايىپ زور ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز زامانىدىشى ۋە ئۇستازى بولغان، بۈيۈك پارس-تاجىك مۇتەپەككۇرى ئابدۇراھمان جامىنىڭ ئەدەبىي ۋە پەلسەپەۋى مىراسلىرى بىلەن بىللە مۇسۇلمان شەرقىنىڭ 15-ئەسىردىكى ئاخىرقى مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

نەۋائىنىڭ شان-شۆھرىتى ئۇ ھايات چېغىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى شەھەر-بازارلارغا كەڭ تارقالغانىدى. ئۇ ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدا كۆپلىگەن شەرق شائىرلىرىغا ئوخشاشلا ئۆزى ھەم ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچىنى ئوچۇق-ئاشكارا جاكارلىغانىدى:

مەن ئۇل مەنكى تۈرك بىدادىدۇر،
بۇ تىل بىرلە تا نەزم بۇنيادىدۇر.
فەلەك كۆرمەدى مەن كەبى نادىرى،
نىزامى كەبى نەزم ئارا قادىرى.

دەرۋەقە، نەۋائىنىڭ بۇ خىتابى ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت ئۇتۇقلىرى بىلەن ئىسپاتلاندى. خۇددى رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن بارتولد كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «... چاغاتاي تۈركچىسىدە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان بارلىق شائىرلار 15-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا نەۋائىنىڭ شان-شۆھرىتى ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. پەقەت نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىلا ئاپتورنىڭ چەكلىك ھايات مۇساپىسىدىن ھالقىپ چىقىپ ئەبەدىيلىك مۇقامغا يەتتى ھەمدە تېمورىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ سىرتىدىكى جايلاردىمۇ ئوخشاشلا ئالقىشقا ئېرىشتى».

نەۋائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت مىراسلىرى ئۆز زامانىسىدىلا كۆپلىگەن قەلەمكەشلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. نەۋائى زامانداشلىرىدىن ئابدۇراھمان جامى(1414-1492) ئۆزىنىڭ ئۈچ دىۋانىنىڭ دىباچىسىدە ۋە «ھەفت پەيكەر»(يەتتە يۇلتۇز) ناملىق داستانىدا؛ دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى(1453-1495) «تەزكىرەتۇش-شۇئەرا» (شائىرلار تەزكىرىسى) ناملىق ئەسىرىدە؛ مىرخاند (1433-1498) «رەۋزەتۇس-سەفا»(پاكلىق بېغى)ناملىق كىتابىدا؛ خاندەمىر (1475-1534) ئۆزىنىڭ «خۇلاسەتۇل-ئەخبار» (ياخشى كىشىلەر ھەققىدىكى خەۋەرلەر خۇلاسىسى)، «دەستۇرەل-ۋۇزەرا» (ۋەزىرلىك ئۈچۈن دەستۇر)، «مەكارىمۇل-ئەخلاق» (ئالىجاناپ سۈپەتلەر ھەققىدە)، «ھەبىبۇس-سىيەر»(تەرجىمىھاللار دوستى) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە؛ زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر(1483-1530) ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق گۈزەل تەرجىمىھال كىتابىدا؛ زەيىنىددىن ۋاسىفى (1486-

1566) «بەدائىيۇل ـ ۋەقايىئى» (ئاجايىپ ۋەقەلەر) ناملىق كىتابىدا؛ مىرزا ھەيدەر(1499 ـ 1551) «تارىخى رەشىدىي» ناملىق كىتابىدا؛ شۇنداقلا ئەزەربەيجان شائىرى سادىقبەگ سادىقىي(1533 ـ 1610) «مەجمەئۇل ـ خەۋاس» (يۈكسەك دىللىق كىشىلەر مەجمۇئەسى)؛ مۆجىزى (19 ـ ئەسىر) ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە نەۋائى ھاياتىغا دائىر قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇردى ھەمدە نەۋائى ئىجادىيىتىگە يۈكسەك باھالارنى بەردى.

ئەلىشىر نەۋائى تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى يۈكسەك بىر پەللىگە كۆتۈردى، چاغاتاي تۈرۈكچىسىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ھاياتى كۈچىنى جەۋلان قىلدۇردى. 15 ـ ئەسىردە سەمەرقەند ۋە ھىراتنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاخىرقى مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بۈيۈك سىمالىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقتى. ئۇنىڭ تەسىرى زامان ۋە ماكان يۈزلىنىشىنى بويلاپ داۋاملىق كېڭەيدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا، تېخىمۇ ئېنىقراقى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتتا ھېچبىر شائىرنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى نەۋائىغا ئوخشاش بۇنداق چوڭ تەسىرگە ۋە كۈچلۈك تەسىر قىلىش كۈچىگە سازاۋەر بولغان ئەمەس. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ئۆز دەۋرىدىلا نەۋائى ھەققىدە مۇنداق قۇرلارنى يازغانىدى: «ئەلىشىربەگ تەڭدىشى يوق ئادەم ئىدى. تۈركىي تىلدا شۇنداق شېئىرلارنى يېزىپتۈكى، ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس...» ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ۋاپاتىدىن يىرىم ئەسىر كېيىن، تارىخچى ۋە دۆلەت ئەربابى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «مىر ئەلىشىر، ئۇنىڭ تەخەللۇسى نەۋائىدۇر، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم تۈركىي تىلدا ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋە ئۇنىڭدىن يۈكسەكرەك شېئىر يازالىغان ئەمەس. نەۋائى بۇ ھۈنەردە ئۇستاددۇر ۋە ئۇنىڭ تۈركى شېئىرلىرى موللا (ئابدۇراھمان جامى) نىڭ فارسىي شېئىرلىرى بىلەن تەڭ شۆھرەتكە ئىگىدۇر.»

نەۋائىي 15-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقاندىن كېيىن، بىر توپ ھارماس ئەدىبلەر تۈركىي ئەدەبىيات مۇنبىرىدە قايتا جەۋلان قىلدى. ئۇلار نەۋائىدىن ئۆگەندى، نەۋائىنى ئۆزلىرىگە مەنىۋى ئۇستاز ھېسابلىدى. نەۋائىنىڭ بەدىئىي مېتودى ۋە باي ئىجادىيەت مىراسلىرى بەش ئەسىردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا نەۋائىشۇناسلىق ئىلمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ خەتتاتلىق ۋە كىتابەت سەنئىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە نەۋائىي ئەسەرلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلدى. كۆپلىگەن ئەدىب ۋە شائىرلار نەۋائىي ئەسەرلىرىگە نەزىرەلەر يازدى. نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىگە كىرگەن بىر مۇنچە داستانلارنىڭ سۇژىتلىرى ئاستا-ئاستا خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىغا ئۆتۈپ، ئاۋام خەلق ئىجادى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. نەۋائىنىڭ كۆپلىگەن لىرىك غەزەللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇقام سەنئىتىگە سىڭىپ كىردى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاساسلىق ناخشا تېكىستى نەۋائىي غەزەللىرىدىن تەشكىل تاپتى. نەۋائىنىڭ ئۆزىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر غايىۋى شەخسكە ئايلىنىپ، ئەسىرلەر بويى خەلق ئارىسىدا ياشاپ كەلدى، تارىم ئويمانلىقىدىن كىچىك ئاسىياغىچە بولغان كەڭ ئۇزاق تېررىتورىيىدە ياشىغۇچى بوستانلىق خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر، تۈركمەنلەر، پارسلار، ئەزەربەيجانلار ۋە تۈركىيە تۈركلىرى ئارىسىدا نەۋائىي ھەققىدىكى تۈرلۈك رىۋايەتلەر ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ يۈردى.

شۇنداق، نەۋائىي خەلق رىۋايەتلىرىدە، مەدرىسەلەر دەرسلىكلىرىدە، مۇقاملار ئەۋجىدە، مىسرالار لەرزىدە ۋە شائىرلار قەلبىدە ياشاپ كەلدى.

20-ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ نەۋائىنى قايتا بىلىش ۋە قايتا تونۇش ئەسىرى بولدى. نەۋائىنىڭ روھى شەرق قولىيازمىلىرىنىڭ ئۇپرىغان ۋاراقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىقىپ، ھازىرقى زامان مەتبەچىلىكىدە قايتا تىرىلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا، بولۇپمۇ كونكرېتراق ئېيتقاندا، ئۆزبېكىستاندا يېڭى تىپتىكى «نەۋائىشۇناسلىق» (نەۋائىشۇناسلىق) ئىلمى تەدرىجى شەكىللەندى. مۇشۇ

ساھەدە كۆپلىگەن ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە تەتقىقاتچىلار قوشۇنى يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى ئەمگەكلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەۋائىشۇناسلىق تەتقىقاتىدا غايەت زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەۋائىي تەتقىقاتى بەزىبىر سىياسىي خاھىشلارنىڭ چەكلىمىلىرىدىن خالىي بولالمىدى. ھەتتا نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى مەسىلىسىدە ئېغىر خاتالىقلارغىمۇ يول قويۇلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، دەل 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان بىر پەيتتە بۈيۈك شائىر ئىجادىغا قايتا باھا بېرىش ۋە ئۇنى ئۇزۇل-كېسىل قايتا تونۇش ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالدى، نەۋائىي تەتقىقاتى تارىخىدىن يەكۈنلەنگەن تەجرىبە-ساۋاقلار بۇ زۆرۈرىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

نەۋائىنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى، ئىجادىيەت يولى ۋە ئومۇمىي تەرجىمھالى ھەققىدە ئۆزبەكىستاندا كۆپلىگەن ئەسەرلەر يېزىلدى. نەۋائىي ھەققىدە مەخسۇس درامىلار يېزىلىپ سەھنىلەردە ئوينالدى، نەۋائىي ھاياتىغا بېغىشلانغان كۆپ تىراژلىق رومانلار نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. 15 توملۇق نەۋائىي ئەسەرلىرى تولۇقلىمى يورۇقلۇققا چىقتى. شۇ جۈملىدىن ئىززەت سۇلتاننىڭ «نەۋائىنىڭ قەلب دەپتىرى»، ئەزىز قەيىموفنىڭ «ئەلىشىر نەۋائىي-ئاجايىپ كىشىلەر ھاياتى» قاتارلىق تەرجىمھال خاراكتېرلىك ئەسەرلەر كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى...

ھالبۇكى، نەۋائىنىڭ دۇنياسى تېخى تەلتۆكۈس يورۇتۇلمىدى. مۇشۇ كەمگىچە نەۋائىي ھەققىدە يېزىلغان سان-ساناقسىز ئەسەرلەر تېخىچە كىتابخانلارنىڭ نەۋائىغا بولغان قىزىقىشىنى قاندۇرۇپ بولالمىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن بۇيان، نەۋائىي ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەر دىيارىمىز ئىلىم ساھەسىنىڭ موھىم كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. بۇ جەرياندا ئاز بولمىغان نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن نەۋائىدىن ئىبارەت بۇ چەكسىز دېڭىزنىڭ پەقەت بىر تامچىسىلا قېزىلدى، خالاس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىزدىنىشلەر پەقەت نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قىسمەنلىرىنى رەتلەش، نەشرگە

تەييارلاش، نەۋائىي ئەسەرلىرى ھەققىدە ئاددىي چۈشەنچە بېرىش ۋە تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەندى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ نەۋائىي ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىز ۋاقىت جەھەتتىلا كەينىدە قالماستىن، بەلكى نەزەرىيە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىمۇ ئۆز ئالدىغا سىستېما ھاسىل قىلالمىدى.

دەرۋەقە، بىزدە نەۋائىي تەتقىقاتى ئەمدىلا باشلاندى، بىز نەۋائىينى قانچىلىك بىلىمىز؟ نەۋائىي بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا قانچىلىك ئارىلىق بار!؟...

شۈنداق، سوئاللار چەكسىز، ئەمما جاۋاپلىرىمىز چەكلىك. ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولساقمۇ، لېكىن نەۋائىي دۇنياسىنىڭ ئايرىم تەرەپلىرى، جۈملىدىن نەۋائىينىڭ بىزگە تېخى مەلۇم بولمىغان ئىچكى سىرلىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز كۆپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزدە تېخى نەۋائىي ھەققىدە ھەم ئىلمىي، ھەم ئاممىباپ بولغان، ئاۋام كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي ھەزمى كۆتۈرەلەيدىغان بىرەر ئوقۇشلۇق ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

كەمىنە مۇئەللىپ بۇ ئاددىي كىتابچىنى مانا مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلى يازدى. نەۋائىينىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرگە تولغان ھايات مۇساپىسى ۋە ئالەمشۇمۇل ئىجادىي ئەمگەكلىرىنى ئاددىي، ئاممىباب يول بىلەن يورۇتۇشقا تىرىشتى. نەۋائىينى ھەيۋەتلىك خاتىرىلەش مۇراسىملىرى، دەبدەبىلىك ھەمدۇسانا ئىبارىلىرى ۋە باش-ئاخىرى يوق مىللىي تەۋەلىك دەتالاشلىرى ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى نەۋائىينىڭ ئۆزىدىن نەۋائىينى تونۇشنى ۋە ئۇنى خەلق قەلبىدە ھېس قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

ئاخىرىدا مۇئەللىپ بۇ ئاددىي ئەسىرىنى ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقى، ۋاپاتىنىڭ 500 يىللىقى خاتىرىسىگە سوۋغا قىلدى!...

# بىرىنچى باب: نەۋائىنىڭ ۋەتىنى

نەۋائى ياشىغان زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخى بۈگۈنكىدەك دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر «چېگرا»لىرى شەكىللەنمىگەنىدى. ۋەتەن ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسى ۋە مەنىسىمۇ بۈگۈنكى كۈندىكىدەك «چېگرا» سىزىقلىرى ئارقىلىق چەكلەنمىگەنىدى. نەۋائى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى گۈزەل شەھەر ھىراتتا تۇغۇلدى، ھىراتتا ياشىدى ۋە ھىراتتا ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن شەھەرلەرگە باردى، نۇرغۇن شەھەرلەردە تۇردى. سەمەرقەند، مەشھەد، نىشاپۇر، سەبزىۋار، ئاستىراباد، بەلخ...مانا مۇشۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە نەۋائىنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قېپقالدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، «ھېچبىر ئەسىردە نەۋائى قەيەرنى ئۆزىنىڭ ۋەتىنى دەپ ھېسابلاشنى تەكىتلىگەن ئەمەس.»

نەۋائى دۇنياغا كېلىشتىن ئاۋۋاللا ئوتتۇرا ئاسىيادا «تېمۇرىيلەر» دەپ ئاتالغان بىر كاتتا ئىمپېرىيە ۋۇجۇتقا كېلىپ، يەنە پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. نەۋائى ئەنە شۇ پارچىلانغان «ئىمپېرىيە»دىكى تېمۇرىي نەسەبلىك شاھزادىلەر ھەددەپ ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئۇششاق بۆلۈنمە ھالەتتىكى تەسىر دائىرە شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنىۋاتقان زاماندا دۇنياغا كەلدى. شۇنداقلا داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردا جاھاننىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى كۆرۈپ ياشىدى:

> گاھى تاپتىم فەلەكتىن ناتەۋانلىق،
> گاھى كۆردۈم زاماندىن كامرانلىق.
> بەسى ئىسسىق-سوغۇق كۆردۈم زاماندا،
> بەسى ئاچچىق-چۈچۈك تاپتىم جاھاندا.

نەۋائىنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپ، تۇنجى كۆرگەن يۇرتى ۋە شەھىرى ھىرات ئىدى. كېيىنچە نەۋائى تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن نۇرغۇن شەھەرلەرگە بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھىراتتا ئۆتكۈزدى. پۈتكۈل ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھىراتتا يازدى. نەۋائىنىڭ ئۆزىمۇ ھىرات شەھىرىنىڭ قۇرۇلىشى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا كاتتا رول ئوينىدى. شۇڭلاشقا نەۋائىنىڭ نەزەرىدە ھىرات ئالاھىدە ئورۇن تۇتاتتى. نەۋائى ياشىغان دەۋردە، يەنى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ھىرات شەھىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى. خۇددى بابۇر ئېيتقانىدەك: «بۇ يەردە ھەربىر كىشىنىڭ بىرەر كەسىپ بىلەن مەشغۇللىقى بار ئىدى. ئەگەر بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلسا، شۇ ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقمىغۇچە بولدى قىلمايتتى». مانا مۇشۇنداق قويۇق مەدەنىي كەيپىياتقا ئىگە قەدىمىي شەھەردە نەۋائى ئىجاد دېڭىزىغا چۆمۈلدى. ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. شۇنداقلا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچتى. «نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ھىرىي(ھىرات) ھەققىدىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئاتەشىن خاتىرىلەرنى ئۆز قەلبىدە ساقلاپ كەلدى. نەۋائىنىڭ پىكرىچە، يەر يۈزىنىڭ تۆتىنچى ئىقلىمىدا، يەنى جاھاننىڭ ئەڭ ياخشى جايىدىن ئورۇن ئالغان ھىرىينىڭ ‹تەلىيىگە، بەختىگە، قۇياش رەھنەمالىق قىلاتتى› ، خۇددى ئاسمان يەتتە قەۋەتكە بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭ مەركىزىدە قۇياش تۇرغىنىدەك، يەر يۈزىمۇ يەتتە ئىقلىمغا بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭ مەركىزىدە خۇراسان تۇراتتى. ھىرىي بولسا خۇراساننىڭ جېنى ئىدى». شۇڭا نەۋائى «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

چۇ تۆرتىنچى ئىقلىم ئىدى مەۋقەئى،
بەس ئولدى قۇياش ساھىبى تالىئى.
كەۋاكىبغەكىم يەتتى تەقسىم ئېرۇر،
جاھان مۈلكى ھەم يەتتى ئىقلىم ئىرۇر.
ئاڭاكىم ۋەسەت مىھرى رەخشان كېلىپ،
مۇڭا لېك مۈلكى خۇراسان كېلىپ.
خۇراسان بەدەندۇر، ھىرىي جان ئاڭا،

ھىرىي جان، بەدەندۇر خۇراسان ئاگا.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، نەۋائىينىڭ نەزىرىدە ئانا يۇرتى بولغان ھىرات پۈتكۈل يەر يۈزىنىڭ مەركىزىدىن، جاھاننىڭ ئەڭ ياخشى جايىدىن ئورۇن ئالغانىدى. نەۋائى مانا مۇشۇ كۆزنەكتىن دۇنيانى كۆزەتتى ھەمدە بۈيۈك بىر دەۋرنىڭ نۇرلۇق سىيماسىغا ئايلاندى. ئۇ ئۆمۈر بويى ھىراتنى ئەڭ چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن سۆيدى. ھىرات شەھرىنىڭ گويا مېھر(قۇياش نۇرى )غا ئوخشاش ئەبەدىي پارلاپ تۇرۇشىنى ئۈمۈت قىلدى:

ئەلا، تاكى بولغاي سىپىھر ئۈزرە مىھر،
يارۇغ مىھر نۇرىدىن ئۇلغاي سىپىھر.
ئاگا بولماسۇن مىھر يەڭلىغ زەۋال،
سىپىھر ئەتمەسۇن خەلقىن ئاشۇفتە ھال.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھىرات شەھرى ۋە خۇراسان دۆلىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بىرىنچى ۋەتىنى ئىدى. بۇ ۋەتەن ئۆزىنىڭ «فەلەكۋاش يېرىنىڭ فەزاسى»(يەر-زېمىنىنىڭ ئاسماندەك كەڭلىكى) ۋە «جەننەتتەك ھاۋاسى» بىلەن تارىختىن بۇيان ئىسكەندەردىن چىڭگىزخانغىچە بولغان جاھانگىرلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەنىدى.

سەمەرقەنت - ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىككىنچى ۋەتىنى ئىدى. شائىر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەردە ياشلىق باھارىنىڭ ئەڭ گۈزەل يىللىرىنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئەمىر تېمۇر تەرىپىدىن قايتا ياسالغان سەمەرقەنت شەھرى ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىل-قەلئەلىرى، ھەشەمەتلىك ئوردا-سارايلىرى، ئاۋات رەستە-بازارلىرى، مەشھۇر مەسچىت، مەدرىسە ۋە خانىقالىرى بىلەن ياش شائىرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغانىدى. سەمەرقەنت ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ھەم پارلاق تارىخى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئالەمشۇمۇل شان-شۆھرىتى بىلەنمۇ نەۋائى ئىجادىغا يېڭىدىن-يېڭى ئىلھاملار بەخش ئەتكەنىدى. شائىر ئۆزىنىڭ سەمەرقەنتتە ئۆتكەن يىللىرىنى ئەسلا ئۇنتالمايتتى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ياشلىقىنىڭ ئەڭ گۈزەل

يالداملىرى، يەنى ئىزدىنىش، ئوقۇش، هاياتنى چۈشىنىش بىلەن تەنهالىق، مۇهەببەت ۋە ئازاب ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، شۇنىڭدەك ياش شائىرنىڭ قەلبىدە ئويغانغان كۈچلۈك ئىجادىيەت ئىلهاملىرى قېپقالغانىدى.

نەۋائىي دەۋرىگە قەدەر، سەمەرقەنتتە ئەمىر تېمۇر ۋە ئۇلۇغبەگ زامانىدىن باشلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قويۇق مەدەنىي هايات يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. نەۋائىي باللىقىدىن باشلاپلا بۇ گۈزەل ۋە قەدىمىي شەهەرگە تەلپۈنۈپ كەلگەنىدى. نەۋائىي «ئۇيغۇر ئىبارەتنىڭ فۇسەهاسىدىن ۋە تۈرك ئەلفازىنىڭ بۇلەغاسىدىن»(ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ئۇستىلىرىدىن ۋە تۈركىي تىلنىڭ ماهىرلىرىدىن) دەپ تەرىپلىگەن مەشهۇر تۈركىيگۈي شائىرلاردىن لۇتفى، سەككاكىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن دەل مۇشۇ شەهەردە ئۇچراشقانىدى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ قەلبىدىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى كۆپلىگەن ئەللامەلەرگە ئوخشاشلا سەمەرقەنتكە نىسبەتەن ئالاهىدە بىر خىل هېسسىيات مەۋجۇت ئىدى. نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ خىل هېسسىياتنى بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ئىپادە قىلىپ كەلدى. ئۆمۈر بويى سەمەرقەنت تەختىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان بابۇردەك بۈيۈك پادىشاهنىڭ هەسرەت بىلەن: «يەر يۈزىدە سەمەرقەنتتەك گۈزەل شەهەر ئاز»، «تېمۇربەگدىن بۇرۇن بۇ يەرنى تېمۇربەگدەك ئۇلۇغ پادىشاھ پايتەخت قىلىپ باققان ئەمەس» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. مانا مۇشۇ شەهەردە نەۋايى ئۆز ياشلىقىنىڭ بىر قانچە يىللىرىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. مۇشۇ شەهەردە ئۆزىنىڭ مەشهۇر شېئىرىي مەكتۇبى «سەيىد هەسەن ئەردەشىرگە خەت»نى يازغانىدى. يەنە كېلىپ مۇشۇ دەۋردىكى سەمەرقەنتنىڭ ئەدەبىيات جەهەتتىكى بىر مۇنچە ئۇتۇقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ياش نەۋائىيمۇ ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغانىدى. شۇڭا ئۆزبەك تەتقىقاتچىلىرىدىن ۋ.ئابدۇللايېف بۇ هەقتە مۇنداق يازغانىدى: «سەمەرقەنتنىڭ 15-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىياتىدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ رولىمۇ كاتتا بولدى. بۇ دەۋردە سەمەرقەنت ئەدەبىي موهىتىنى

ئەلىشىر نەۋائىيسىز، بولۇپمۇ ئۇ يېتىشتۈرگەن ياش قەلەمكەشلەرسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس».

1469 ـ يىلى ھىراتتا ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، نەۋائىي سەمەرقەنتتىن ئانا شەھىرى ھىراتقا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سەمەرقەنتكە قايتا بېرىش نەۋائىيغا نېسىپ بولمىدى. ئەمما ئۇ سەمەرقەنت ھەققىدىكى ئىزگۈ خىياللارنى ۋە ئۆزىنىڭ ياشلىق ئەسلىمىلىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمىدى. ئۇ «خەمسە» نامى ئاستىدىكى مەشھۇر داستانلىرىنىڭ تۆگەنچىسى بولغان «سەددى ئىسكەندەر»دە، سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ قەدىمدە ئىسكەندەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى گۈزەل مىسرالارنى بايان قىلىدۇ. شۇنداقلا «سەمەرقەندى بىمانەند»(تەڭدىشى يوق سەمەرقەنت)، «سەمەرقەندى فىردەۋسى مانەند»(جەننەتتەك سەمەرقەنت) قاتارلىق گۈزەل ئوخشىتىشلار ئارقىلىق بۇ قەدىمىي شەھەرنى مەدھىيىلەيدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھىرات ۋە سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونى نەۋائىينىڭ رېئاللىقتىكى ۋەتىنىدۇر. مانا مۇشۇ رېئال ۋەتەندە ـ تېمۇرىيلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا نەۋائىي دۇنياغا كەلدى، ياشىدى، ئىجاد دېڭىزىغا چۆمۈلدى ۋە غايەت زور بەدىئىي ـ پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇڭلاشقا نەۋائىيدىكى ۋەتەن تۇيغۇسى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى ھايات كەچۈرگەن ئاشۇ رېئال ۋەتەندە تۇغۇلغانىدى. خۇددى ئىززەت سۇلتان كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئۇ كۆپلىگەن يۇرتلار ئارىسىدىن بىر يۇرتنى شۇنداق مېھىر ۋە ئىشتىياق بىلەن تەسۋىرلەيدۇكى، بىزدە نەۋائىينىڭ ۋەتىنى ھەققىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە بۇ ۋەتەنگە شائىرنىڭ بالىلىقىدىن تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان دائىملىق مۇھەببىتى ھەققىدىمۇ ئېنىق تەسەۋۋۇر تۇغۇلىدۇ. بۇ يۇرت ـ خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھىردۇر. ئامۇ دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلىشىپ، 15 ـ ئەسىردە بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ۋە كۆپىنچە بىر ھۆكۈمدار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان بۇ ئىككى چوڭ ئۆلكە ۋە ئۇلارنىڭ مەشھۇر

شـەھەرلىرى ـ ھـىرات ۋە سـەمەرقەنت نەۋائىنىـڭ ھاياتىـدا بىقىيـاس رول ئوينىدى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىدا يۇقىرى باھالارغا ئېرىشتى».

ۋاھالەنكى، نەۋائىنىڭ نەزەرىدىكى ۋەتەن چېگراسى ھەرگىزمۇ ئـۆزى ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھىر بىلەنلا چەكلەنمەيتى. ئـۇ ئـۆزىنى پۈتكـۈل ئوتتـۇرا ئاسـىيا خەلقلىرىنىـڭ دەپ ھېسابلايتى. تـۈركىي تىللىـق خەلقـلەر ياشـاۋاتقان كـۆپلىگەن يـۇرتلارنى، جۇملىدىن خۇراساندىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېپەك يۇرتلىرىنى ئۆز ۋەتىنـى دەپ قـارايتى. يەنە كېلىـپ ئـۇ ئەدەبىي ئـويغىنىش دەۋرىـدىكى گۇمانىزىمچىلارغا خاس ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىـلەن ئۆزىنىـڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى پۈتكـۈل ئىنسـانىيەتكە مەنسۇپ دەپ بىلەتتـى. مۇشۇ مەنىـدىن ئېيتقاندا، نەۋائىنىڭ ۋەتەن ئۇقۇمى تېخىمۇ كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

نىزامى ئالسا بەردەئى بىرلە گەنجە،
قەدەم رۇم ئەھلىغە ھەم قىلسا رەنجە.
چېكىپ خۇسرەۋ داغى تىغى زەباننى،
يۈرۈپ فەتھ ئەيلەسە ھىندۇستاننى.
يەنە جامى ئەجەمدە ئۇرسا نەۋبەت،
ئەرەبدە داغى چالسا كۇسى شەۋكەت.
ئەگەر بىر قەۋم گەر يۈز، يوقسە مىڭدۇر،
مۇئەييەن تۈرك ئۇلۇسى خۇد مېنىڭدۇر.
ئالىپمەن تەختى فەرمانىمغە ئاسان،
چەرىك چەكمەي خىتادىن تا خۇراسان.
كۆڭۈل بەرمىش سۆزۈمگە تۈرك، جان ھەم،
نە يالغۇز تۈرك، بەلكى تۈركمەن ھەم.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، نەۋائـى ئۆزىـدىن بـۇرۇنقى «خەمسەنەۋىسـلەر» (خەمسـە يـازغۇچىلار) بىـلەن بولغـان ئىجـادىي مۇسـابىقىدە، ئـۆز

«خەمسە»سىنىڭ تەسرى يېتىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان رايۇنلاردىكى بارلىق تۈركىي تىللىق ئۇقۇرمەنلەرنى «ئۆز خەلقىم» دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە «خىتـادىن خۇراسـانغىچە بولغـان» ئـارىلىقتىكى كەڭ تېرىتـورىيەنى ئـۆز ئەسەرلىرىنىڭ ماكان چەمبىرىكى دەپ قارايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقانـدا، نەۋائىنىڭ ۋەتەن ئۇقۇمى مەلۇم بىر يۇرتنى ئەمەس، بەلكى تـۈركىي تىللىـق ئەدەبىياتتىن بەھرە ئېلىۋاتقان، كۆپلىگەن خەلقلەر ياشاۋاتقان كەڭ رايۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، نەۋائىنىڭ ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئاشۇ رىئال ۋەتىنىدىن باشقا، يەنە ئۆمۈر بـويى تەلپۈنگەن بىر غايىۋى ۋەتىنى بـار ئىـدى. بـۇ غـايىۋى ۋەتەن دەل - چىـن، ماچىن، خىتا، خوتەن نـاملىرى بىـلەن ئاتالغـان، تەگرىتاغنىـڭ جەنـۇبى ۋە شىمالىدىكى بوستانلىقلار ئىدى. نەۋائـى ۋە باشـقا شـەرق كىلاسسـىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان «تۈركىي چىن»، «تۈركىي خىتا» ئىبارىلىرى ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارىنى، يەنى ئۇيغۇرلارنى ئاسـاس قىلغـان كۆپلىگەن خەلقلەر ياشاۋاتقان شىنجاڭ رايونىنى كۆرستەتتى.

نەۋائىنىڭ «چىن»، «خىتا»، ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەتكەن چاغدا ئالدىغا «تۈركىي» ئېنىقلىغۇچىسىنى قوشۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

شـەرق كىلاسسـىكلىرىنىڭ ئەسـەرلىرىدە دائىـم تىلغـا ئېلىنىــدىغان «چىــن»، «مــاچىن»، «خىتــا» ئاتالغۇلىرىنىــڭ كونكرېــت جۇغراپىيەلىــك دائىرىسـى ھەققىـدە ئىلىـم ساھەسـىدە تۈرلـۈك تـالاش-تارتىشـلار مەۋجـۇت بولسىمۇ، لېكىن كـۆپ قىسىـم ئـالىملار بىـردەك بـۇ ئاتالغۇلارنىـڭ شـىنجاڭ رايـونىنى كۆرسـتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيـدۇ. بولۇپمـۇ نەۋائـى دەۋرىـدىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ئۇقۇم تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن.

ئۇنداقتا، نەۋائى نېمە ئۈچۈن دىيـارىمىزنى ئۆزىنىـڭ غـايىۋى ۋەتىنـى ھېسابلايدۇ؟

ئېمىشقا ئۇ ئۆمۈر بويى پامىرنىڭ شەرقىدىكى بۇ «غايىۋى ۋەتەن»گە تەلپۈندۇ؟

يەنە ئېمىشقا ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ قەھرىمانلىرىنى «تۈركىي چىن» ۋە «خوتەن» دىياردىن ئالدۇ؟...

شۇنىسى ئېنىقكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا «تېمۇرىيلار» دەپ ئاتالغان بۈيۈك بىر ئىمپىرىيە مەيدانغا كېلىش ھارپىسىدا مىللەتلەرنىڭ چوڭ تىپتىكى كۆچۈش ۋە يۇغۇرۇلۇش دولقۇنى يۈز بەرگەنىدى. بۇ دولقۇن چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئىدىقۇت ۋە تارىم ۋادىسىدىن بىر مۇنچىلىغان ئۇيغۇرلار موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبىدە پەرغانە، ماۋەرەئۇننەھر ۋە خۇراسان تەرەپلىرىگە كۆچۈپ بارغانىدى. ئۇيغۇر باخشى-زىيالىلىرى چىڭگىزخانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۈرۈشلىرىدە موھىم رول ئوينىغانىدى. ئەبۇلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركى تىل بىلەن ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ ئىدى، دەپتەردارلىقنى ۋە دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلۈرلەر ئەردى. چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ زامانىدا ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان ۋە ئىراقتا دىۋانلار ۋە دەپتەردارلارنىڭ بارچىلىرى ئۇيغۇر ئىدى. چىنىنىڭ يۇرتلىرىدىمۇ چىڭگىزخان ئوغلانلىرى دىۋان ۋە دەپتەردارلارنى ئۇيغۇر خەلقىدىن قويۇپ ئەردىلەر، چىڭگىزخانىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان ئۆگەدايخان خۇراسان، مازاندىران ۋە گىلاننى ئۇيغۇر كۆرگۈز دېگەنگە تاپشۇرۇپ ئەردى، ئۇل ياخشى ھىسابدان ئەردى...» .

ئۇنىڭدىن باشقا ، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ فەرغانە ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونلىرىدا ئىلگىرى ماكانلاشقان ۋە ئۆزگە خەلقلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئاھالىسىدىن باشقا، 13 ـ 14 ـ ئەسىرلەردە مۇغۇلىستان ياكى قەشقەرىيەدىن يۇقىرى قاتلام زىيالىلار تەبىقىسى تۈركۈملەپ كۆچكەن» ئىدى. بۇلار كېيىنچە تېمۇرىيلەر سارايلىرىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغانىدى. شۇڭا، تەيۇەن ئالىمى لىۋيىتاڭ ئەپەندى: «مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ۋە گورخانلار دەۋرىدە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجان

ۋىلايىتىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتسە كېرەك، ‹ئىرى ئۇيغۇرلىرى › دېگەنىدىكى ‹ئىرى› بولسا ‹ھىرىي› (ھىرات)نى كۆرسەتسە كېرەك» دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، تېمۇرىيلار دەۋرىدە، جۈملىدىن نەۋائى ياشىغان دەۋرلەردە ھىرات ۋە سەمەرقەنتلەرنىڭ مەدەنىي مۇھىتىدا خېلى بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالى-باخشىلىرى موھىم روللارنى ئوينىماقتا ئىدى. مەسىلەن، شۇ دەۋرلەردە ئابدۇراھمان جامىنىڭ ئۇستازى بولغان، ھىراتتا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان شەخس سەئىدىددىن كاشغەرى، نەۋائىنىڭ ئۇستازى فەسىھۇددىن ئاخۇنۇم، سەمەرقەنتكە ھاكىم بولغان سۇلتان مەلىك كاشغەرى، ئۇنىڭ ئىنىسى جانبەگ دولداي، شۇنىڭدەك نەۋائى سەمەرقەنتتە تۇرغان چاغلىرىدا ھامىيلىق قىلغان ئەھمەت ھاجىبەگ ئىبنى سۇلتان مەلىك كاشغەرى قاتارلىق كىشىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، سەمەرقەنتتە مەشھۇر بولغان تۈركىگۈي شائىرلاردىن مەۋلانا سەككاكى ۋە مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىلار بار ئىدى. نەۋائى «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ چېچەنلىرىدىن» دەپ تەرىپلىگەن سەككاكى ئۆز غەزەللىرىدە:

تۇن ئاخشام تولغانۇر سۈنبۇل بىكىن زۇلفۇڭدىن ئاھ ئۇردۇم،
ھەۋانى غالىيا تۇتتى، جەھان مۇشكى خوتەن بولدى.

دەپ يازسا، نەۋائى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز پادىشاھى»دەپ مەدھىيەلىگەن مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىمۇ «نەرگىس كۆزلۈك» دېگەن غەزىلىدە:

يالغۇز ھىرىدا يوقكىم، ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىدە،
شېئىرىڭ شىئارى، لوتفى، خىتايۇ خوتەندە بار.

دېگەن بېيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسلى يۇرتىدىن بىشارەت بەرگەن ۋە ئۆز يۇرتى، ۋەتىنىگە بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشىنى ئىپادە قىلغان. بۇ دەۋردە «ھىرات، سەمەرقەنت ھەم ئەنجان ۋىلايەتلىرىدە، ھەتتا خارەزمدە زىيالىلار

قاتلىمى ۋە مەنسەپدارلار قاتارىدا ‹ئاخۇنۇم› ، ‹كاشغەرى› ياكى ‹مۇغۇلىستان بەگلىرى› دەپ ئاتالغان كىشىلەر كۆپ ئىدى، ئۇلار ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەلىرىدە ۋە ھاكىمىيەت دائىرىلىرىدە خېلى مۇھىم ئورۇنلارنى تۇتقانىدى».

ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى - «كىچىككىنە باخشى» دەپ ئاتالغان غىياسىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ شەرقتىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسانغا كۆچۈپ بارغان «ئۇيغۇر سۈپەت باخشى»لارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. شۇڭا ئۇ «ئۆزىنى ئىزچىل يوسۇندا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇلتۇراقلاشقان، ئەدەبىي تىل ۋە يېزىق مەدەنىيىتى بىلەن كىلاسسىك سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان ئېتنىك گورۇھىغا تەۋە دەپ ھېسابلاپ كەلدى.ئۇنىڭ ‹چاغاتاي ئۇلۇسى› ، ‹ئۆزبېك› ، ‹تۈرك ئۇلۇسى› ، ‹تېمۇربېگ نەسلى› دېگەن ئىبارىلىرى پەرقلىق ۋە شەرتلىك مەنىدە قوللىنىلغانىدى.»

شۇڭلاشقا، ئەلىشىر نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە «تۈركىي چىن»، «تۈركىي خىتا»، «كىشۋەرى خوتەن» قاتارلىق ناملارنى چەكسىز مۇھەببەت بىلەن تىلغا ئالدى، ئۆز قەھرىمانلىرىدىن فەرھاد، دىلئارام قاتارلىقلارنى ئۆز قەلبىدىكى ئاشۇ غايىۋى ۋەتەنگە باغلىدى. ئۇ خۇددى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا بەرگەن بايانلىرىغا ئوخشاشلا، «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا ئىسكەندەر بىلەن چىن خاقانىنى سۈلھى تۈزدۈردى. شېرىنىنىڭ ۋىسالىدا چىن مۇھەببەت ئۈچۈن ئەرمەن تاغلىرىدا جان بەرگەن فەرھادنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىنى شاماللارغا قوشۇپ شەرقتىكى ۋەتىنىگە ئەۋەتتى. نەۋائى بۈيۈك پارس شائىرى ھافىز شىرازىنىڭ ئەمىر تېمۇر ئىستىلاسىغا قارىتا يازغان:

ئەگەر كۆڭلۈمنى شاد ئەتسە ئۇ شۇل شىرازى جانانى،
قارا خالىغە بەخش ئەتكۈم سەمەرقەندۇ بۇخارانى.

دېگەن مىسرالىرىغا جاۋابەن مۇنداق دەپ يازدى:

ئەي خوتەن جەيرەنلىرى، نېتەي بۇ مەجنۇن كۆڭلۈمە،
نەفئى هاي يەتكۈرسەڭىز مۇشكى غەزالىمدىن گويا.

دېمە يۈزكىم، خوتەن گۈلزارىدۇر بۇ،
دېمە خەت، نافەئى تاتارىدۇر بۇ.

يۈزۈڭ بەيازىيۇ ئۇل خالى مۇشكسا هىندۇ،
غەرىب تۈشتى خوتەن كىشۋەرى ئارا هىندۇ.

نەۋائى ئەتتى ئۆزىن ئۇيلە تۈركى هىندۇ،
كى ئەهلى چىنۇ خىتا بولدىلا ئاڭا هىندۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، نەۋائىي يەنە ئۆز «خەمسە»سى تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن ھەرقايسى داستانلىرىدا ئۆزىنىڭ غايىۋى ۋەتىنى بولغان خوتەن دىيارى ھەققىدە ئەڭ گۈزەل ۋە ياللۇنلۇق مىسرالارنى يازىدۇ. ئۇ «ھەيرەتۇل-ئەبرار» داستانىدا:

تۈركىي خوتەن ياپتى چۇ زىيبا جەمال،
مۇشكى فىشان بولدى نەسىمى شەمال.

دەپ يازسا، «فەرهاد-شىرىن» داستانىدا:

قايۇ زەررىن غەزالە تۈركى چىن دەي،
قارا تۈفراقغە كىرگەن مەهجەبىن دەي.

خوتەن مۈلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،
سەۋادى ئۈزرە جەننەت جان فىشاندۇر.

دېمەك، بۈنىگەدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «تۈركىي چىن»، «تۈركىي خىتا»، «تۈركىي خوتەن» ئىبارىلىرى دەل شائىرنىڭ قەلبىدىكى «غايىۋى ۋەتەن»نى كۆرسىتەتتى.

نەۋائى گەرچە ھىراتتا تۇغۇلۇپ، ھىراتتا ياشىغان ۋە ھىراتتا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاشۇ تار دائىرىدىكى ۋەتەن چېگراسىدىن ھالقىپ چىققانىدى. ئۇ ئۆزىنى «خىتادىن خۇراسانغىچە بولغان» جايلاردا ياشاۋاتقان تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىكى خەلقلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ تىلىدا يارىتىلغان باي سەنئەت مۇھىتىغا تەئەللۇق دەپ ئويلايتى. تېخىمۇ موھىمى ئۇ قەلبىدە بىر غايىۋى ۋەتەننىڭ مۇھەببىتىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. بۇ ۋەتەن دەل فەرھادنىڭ ۋەتىنى،شۇنداقلا نەۋائىنىڭمۇ ۋەتىنى ئىدى!

نەۋائى سەمەرقەنتتىكى تەنھا ۋە غۇربەتلىك كۈنلىرىدە ۋەتەندىشى ئەھمەت ھاجىبەگنىڭ يېقىن ھامىيلىقىغا ئېرىشكەندە، تۈركىي تىلدا «خەمسە» يارىتىشقا تۇتۇش قىلغىنىدا، ئۆز قەھرىمانى فەرھادنى يىراق ئەرمەنىستانغا ئېلىپ بارغىنىدا، ھۆسەيىن بايقارا ئوردىسىدا ۋەزىرلىك مۆھۈرىنى سۇندۇرغىنىدا... قەلبىدىكى ئاشۇ غايىۋى ۋەتىنىنىڭ غۇرۇرىدىن چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئالغانىدى. شۇڭلاشقا، بىز ئۇنىڭ «تۈركى چىن»، «تۈركى خىتا»غا بېغىشلاپ يازغان مىسرالىرىدىن، بولۇپمۇ قەدىمىي دىيار خوتەن ھەققىدىكى ئاتەشىن تەسۋىرلىرىدىن شائىرنىڭ ۋەتەن پىراقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. خۇددى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئەلىشىر نەۋائى خوتەن تېمىسىغا زور ھۆرمەت ۋە تەگداشسىز ئىپتىخار بىلەن يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە خوتەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى قەلئەسى ۋە شەرق سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قەسرى ئىدى. ئۇ خوتەننى قۇياشقا، جەننەتتىن ئۈستۈن راھەتلىك دىيارغا، مانى، دانى، قارەن قاتارلىق ناملاردا ئاتالغان ماھىر رەسساملار يۇرتىغا، ئىپار چاچلىق، ئاھۇ كۆزلۈك ساھىبجامال قىزلار بىلەن ئىپار ھىدلىق باغ-داللار ھەمدە ئىپار كىيىكى ماكانىغا ئوخشىتىپ تىلغا ئالىدۇ».

# ئىككىنچى باب: نەۋائىنىڭ ھايات يولى

مىلادىيە 1441-يىلى 9-فېۋرال كۈنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي شەھەر ـ ھىراتتا ئەلشىر نەۋائى دۇنياغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ھىرات شەھىرى خۇراساننىڭ مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز تارىخىدىكى بۈيۈك بىر دەۋرنى كۈتىۋېلىش ئالدىدا تۇراتتى. نەۋائىنىڭ زاماندىشى ۋە شاگىرتى بولغان تارىخچى خاندەمىر ئۆزىنىڭ «مەكارىمۇل ئەخلاقى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازدى:

«...خاقانى ئالى مەقام شاھرۇھ سۇلتاننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە...ئىززەت ۋە ئىقبال گۈلشەنىدە ئامانلىق ۋە ئۈمىد مېۋىلىرى بېرىدىغان بىر دەرەخ كۆكەردى، مەرتىۋە ۋە ئۇلۇغلۇق ئاسمىنىدا دۆلەت ۋە بەخت-سائادەت كۆزىنى يورۇتقۇچى بىر يۇلتۇز پارلىدى... يەنى ئالى مەرتىۋىلىك، ھىدايەت نەسەبلىك، پاكىز تەبىئەتلىك، ساپ نىيەتلىك، سەلتەنەت سۆيۈنچىسى، مەملىكەت ئۈستۈنى، خاقانىيە دۆلىتىنىڭ ياردەمچىسى، سۇلتان ھەزرەتلىرى(ھۈسەيىن بايقارانى دېمەكچى)نىڭ يېقىنى 17-رامىزان ئېيى 844-سىنەدە يوقلۇق دۇنياسىدىن بارلىق ئالەمگە قەدەم بېسىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە پارلاق چېھرىسى بىلەن يەر يۈزىنى يورۇتتى».

ئەلشىرنىڭ دادىسى غىياسىددىن مۇھەممەد «كىچىككىنە باھادىر»، «كىچىككىنە باخشى» ناملىرى بىلەن تونۇلغان زات ئىدى. تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (1500-1551) ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە نەۋائىنىڭ ئەسلىي نەسەبى ھەققىدە مۇنداق ئۇچۇر بەرگەنىدى: «ئۇنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى». نەۋائى

زاماندىشلىرىنىڭ بەرگەن ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا، نەۋائىنىڭ ئاتا تەرەپ بوۋىسى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ بىلەن ئېمىلداش بولۇپ، تېمۇرىيلەر ئوردىسىنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا تېمۇرىيلەر نەسلىگە مەنسۇپ بولغان پادىشاھلار، جۈملىدىن ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئاتا-ئانىلىرى غىياسىددىن كىچىككىنە ئائىلىسىدىكى باللارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغانىدى. نەۋائىنىڭ ئانىسى كابۇلنىڭ ئەمىرزادىلىرىدىن شەيخ ئەبۇ سەئىد چەڭگىنىڭ قىزى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن نەۋائى ئۆز ئاتا- ئانىلىرىنىڭ تېمۇرىيلەر خانىدانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

ئاتام بۇ ئاستانىنىڭ خاكبىزى،
ئانام بۇ سەراي بوستانىنىڭ كەنىزى.

ئەلىشىرنىڭ ئائىلىدە نەچچىنچى پەرزەنت ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئۇ ئۆز يازمىلىرىدا ئاكىسىنىڭ بارلىقى ھەمدە دەرۋىش ئەلى ئىسىملىك ئۇكىسىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

ياش ئەلىشىر باللىقىدىن باشلاپلا چېچەن، زېھنى ئۆتكۈر چوڭ بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىشى ئۇچ-تۆت يېشىدىن باشلاپلا باشلانغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باللىقى ھەققىدە ئەسلەپ، ئۇچ-تۆت ياش چاغلىرىدا ئاتىسىنىڭ شائىر دوستلىرىغا ئەمىر قاسىم ئەنۋەرنىڭ بىر مىسرا پارسچە شېئىرىنى يادقا ئوقۇپ بېرىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەلىشىرنىڭ بالا چاغلىرىدىن باشلاپلا شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلىشى ئۇنىڭ ئائىلىۋى مۇھىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى - «كىچىككىنە باخشى» دەپ تەرىپلەنگەن بۇ زات ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكى، بىلىملىكى ۋە ئەدەبىي يىغىلىشلارغا بولغان قىزغىن ئىشتىراكى بىلەن ھەممىگە تونۇلغانىدى. بۇ ئائىلىدە پات-پاتلا ئەدەبىي مەجلىسلەر، شېئىر-غەزەلخانلىق پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇراتتى.

ھىراتتىكى يۇقىرى قاتلام ئەدىبلىرى غىياسىددىنىنىڭ خانىدانىدا دائىم شېئىرىيەت ھەققىدىكى ئەڭ قىزغىن مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلىشىرنىڭ ئانا تەرەپ تاغىلىرىدىن مىرسەئىد كابولى بىلەن مۇھەممەد ئەلى غەرىبىيلەر ئۆز دەۋرىدىكى تونۇلغان شائىرلار بولۇپ، ئۇلار تۈركىي شېئىرىيىتىدىن باشقا مۇزىكا ۋە خەتتاتلىق جەھەتتىمۇ خېلىلا يېتىلگەنىدى. بۇ ھال ياش ئەلىشىرنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىن تەربىيەلىنىشىگە ۋە كېيىنكى ھايات مۇساپىسىگە كۈچلۈك تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

ئەلىشىرنىڭ ئالاھىدە تالانتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى كىچىكلا مەكتەپكە بېرىشتى. ئۇ تېمۇرىي شاھزادىلىرىدىن ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ساۋاق ئالدى ھەمدە ئالاھىدە مۇھىتتا تەربىيەلەندى. خۇددى تارىخچى خاندەمىرنىڭ يازغىنىدەك، ئەلىشىر «...ئاز ۋاقىت ئىچىدە قۇرداش ۋە شېرىكلىرىدىن ئىلگىرىلەپ كېتىدۇ. نازۇك تەبىئىتىنىڭ ساپلىقى ۋە ساغلاملىقى ئالەمگە يېيىلىدۇ. مۇبارەك پىكرىنىڭ دادىللىقى ھەققىدە سۆزلەر خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرىدۇ».

مىلادىيە 1447-شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كەسكىن تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالىدۇ. پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئۇنىڭ مەركىزى بولغان ھىرات شەھىرى جەڭگى-جېدەل ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالىدۇ. خەلق جان قايغۇسى بىلەن تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كېتىدۇ. ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسىمۇ پاناھ جاي ئىزدەپ غەرب تەرەپتىكى ئەللەرگە يول ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ كارۋىنى ئىراقنىڭ تەفت دېگەن بازىرىغا كەلگەنىدە دەم ئېلىش ئۈچۈن توختايدۇ، بۇ يەردە ياش ئەلىشىر تاسادىپىيلا ئۆز دەۋرىنىڭ يىرىك تارىخچىسى، مەشھۇر ئەسەر «زەپەرنامە»نىڭ مۇئەللىپى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەت ياش ئەلىشىرنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدۇ.

1452-يىلى خۇراساندا بولۇۋاتقان تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ تەختكە ئىگە بولۇشى بىلەن ۋاقتىنچە توختايدۇ. ھىرات شەھىرىنىڭ تىنچسىز ۋەزىيىتى بىر ئىزغا چۈشۈپ، تەرەپ-تەرەپكە پىتىراپ

كەتكەن خەلق ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە باشلايدۇ. ئەلىشىرنىڭ ئائىلىسىمۇ بىر قانچە يىللىق دىشۋارچىلىقتىن كېيىن، يۇرت مېھرىنى سېغىنىپ ۋەتىنىگە قايتىدۇ.

ئۇلار ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غىياسىددىن كىچىككىنە ئەبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىغا خىزمەتكە چۈشتى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا سەبزىۋارغا ھاكىم بولۇپ تەيىنلەندى. مانا مۇشۇ يىللاردا ياش ئەلىشىر ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل مەكتەپ ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ قايناق ھېسسىياتى بىلەن ئوقۇدى، ئۆگەندى. شەرق كىلاسسىك مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇردانە پىكىرلىرى بىلەن گۈزەل شېئىرىي مىسرالىرىنى بالىلىق قەلبىگە تاڭدى. شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان» ، «گۈلىستان» ناملىق دىداكتىك ئەسەرلىرى بىلەن فەرىدىدۇدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت-تەير» ناملىق داستانىنى بېرىلىپ ئوقۇدى. پارس-تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرىدىن فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى قاتارلىقلارنىڭ شۆھرەتلىك ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ تۇردى. بۇ ھال ياش ئەلىشىرنىڭ گەلگۈسىدىكى بەدىئىي ئىستىداتى ۋە شېئىرىي كامالىتى ئۈچۈن موھىم جۇغلانما بولۇپ قالدى.

ياش ئەلىشىر بالىلىق ھاياتى تېخى ئاخىرلاشمايلا ھاياتنىڭ رەھىمسىز رىيازەتلىرىنى كۆتىۋالدى. ئۇ ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى غىياسىددىن كىچىككىنە ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن ياش ئەلىشىر ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىرلىكتە خۇراسان پادىشاھى ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ خىزمىتىگە كىردى.

بۇ دەۋرلەردە پۈتكۈل خۇراسان دۆلىتى، جۈملىدىن مەركىزى شەھەر ھىرات تېمۇر دەۋرىدىن بۇيان شەكىللەنگەن مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇرىۋاتاتتى. شۇڭا بىر مەزگىللىك نىسپىي تىنچلىق ھىراتتا يېڭىچە كەيپىيات ھاسىل قىلدى. ئەلىشىر ئۆزىنىڭ بۇ نەۋقىران مەزگىللىرىنى ئىشلەش، ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە تەدرىجىي بىلىم جۇغلاش

بىلەن ئۆتكۈزدى. دەسلەپكى شېئىرلىرىنى پارسچە يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈركىي شېئىرىيەتنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. ھەممە مىللىي تىلغا بولغان ئاك-غورۇرىنى كۈنسىرى ئۆستۈرۈپ باردى.

ئۇ 15 ياشتىن ھالقىپ، يىگىتلىك مەزگىلىگە قەدەم قويغىنىدا، ئىككى تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارالايدىغان، بىر قىسىم شېئىرلىرى شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان سەۋىيەگە يەتتى. ئۇ بۇ جەرياندا تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرىغا «نەۋائىي»، پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرىغا «فانىي» تەخەللۇسىنى قوللاندى ھەممە ئەل ئىچىدە «زۇللىسانەيىن»(قوش تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغۇچى) دېگەن نام بىلەن تونۇلۇشقا باشلىدى.

شۇ يىللاردا ئەلىشىر نەۋائىي مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى، مەۋلانا سەككاكى قاتارلىق «تۈركىگۈي» شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشتى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ شۇ يىللاردا كاتتا شائىر سەئىد ھەسەن ئەردەشىرنىڭ نەۋائىغا بولغان تەسىرى خېلىلا زور بولدى. ئۇ نەۋائىينىڭ تۇرمۇشىغا ئاتا ئورنىدا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ بەدىئىي تالانتى ۋە ئەقىل-ئىدراكىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ ئەھمىيەت بەردى.

1456-يىلى كۈزدە ئەبۇلقاسىم بابۇر ئۆز قارارگاھىنى مەشھەدكە يۆتكىدى. نەۋائىي بىلەن ھۈسەيىن بايقارامۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەشھەدكە بىللە باردى. 1456-يىلىنىڭ بېشىدا خۇراسان پادىشاھى ئەبۇلقاسىم بابۇر (بۇ يەردە بىر ئېنىقسىزلىق بار-كەتمەنباي) ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خۇراساندا بىر مەھەل تىنچىپ قالغان تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى قايتىدىن ئەۋج ئالىدۇ. نەۋائىينىڭ دوستى ھۈسەيىن بايقارامۇ تېمۇرىي شاھزادەلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىگە ئىشتىراك قىلىدۇ. ھەممە خۇراسان تەختى ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان جاپالىق سىياسىي ھاياتىنى باشلايدۇ.

مۇشۇ مەزگىلدە نەۋائىي مەشھەدتە قىلىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ئەلىشىر تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكلىرى ئىچىدە

ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەتكە، ئىنتىلىش ۋە ياشلىق ھېسسىياتلىرىغا تولغان يىگىتلىك دەۋرىنى باشلىدى. ئۇمەشھەدتىكى كۈنلىرىنى ئۆزى يالغۇز ۋە مۇستەقىل ھالدا ئۆتكۈزدى. شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى تويماي ئوقۇدى. ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ گۈلتاجى بولغان تەسەۋۋۇپ چەشمىلىرى بىلەن قەلب دۇنياسىنى سۇغۇردى. مۇشائىرە ۋە غەزەلخانلىق مەجلىسلىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەلگۈسىدىكى ئاجايىپ يىرىك ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن بەدىئىي جۇغلانما توپلىدى.

مەشھەتتىكى كۈنلەر تەنھالىق ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن نەۋائىنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇردى. بۇ يەردە ياش نەۋائى ئاتا ـ ئانىسىز، ھامىيسىز ۋە يىگانە ھالدا كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۇ مەدرىسە ۋە خانىقالارنىڭ زەي، قاراڭغۇ ياتاقلىرىدا سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ كىتاپ ئوقۇيتى. يۇلتۇزلۇق تۈنلەردە تۆگۈلۈكتىن ئاسمانغا قارىغىنىچە خىيال سۈرەتتى. كۆڭلىدە ئالىلىكىملەر بىلەن مۇڭدىشاتتى. ياش شائىرنىڭ قەلبى ئىزگۈ خىياللار ئىلكىدە ئۆركەشلەيتى، ئويى ـ پىكىرلىرى قانات قاقاتتى، ھېس ـ ھاياجىنى داۋالغۇيتى... ياش ئەلىشىرنىڭ ھاياتى رېئال دۇنيانىڭ ئەمەلىيىتىگە قارىغاندا خىيال ئالەمىنىڭ پەرۋازىدا كۆپرەك جەۋلان قىلاتتى. نەۋائى كېيىنچە ئۆزىنىڭ مەشھەدتىكى ھاياتى ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق يازدى: «...تەتەببۇھ داغى قىلىپمەن» (كىتابىدا بۇ يەردە ئازراق مەزمۇن چۈشۈپ قالغان چىراي ـ كەتمەنباي)

1464 ـ يىلى خۇراساندىكى تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى مىرزا ئەبۇ سەئىدنىڭ ۋاقىتلىق غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇ تېمۇرىيلەر نەسلىدىن بولمىسىمۇ، لېكىن ھەربىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكى بىلەن خۇراسان تەختىگە ئولتۇردى ۋە پايتەختنى سەمەرقەنتتىن ھىراتقا يۆتكەپ كەلدى. نەۋائىمۇ دەل شۇ يىلى مەشھەدتىن ئانا شەھىرى ھىراتقا قايتىپ كەلدى. لېكىن نەۋائى شۇ يىللاردا خېلىلا تونۇلۇپ قالغان شائىر بولىشىغا قارىماي، ئانا شەھىرى ھىراتتىمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشىدى. مىرزا ئەبۇ سەئىد نەۋائىنىڭ ھىراتتا

ئاتا-ئانىسىدىن مىراس قالغان يەر-زېمىن ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلغانىدى. شۇنداقلا نەۋائىغا نىسبەتەن سوغۇق مۇئامىلىدە بولغانىدى، ئەبۇ سەئىدنىڭ نەۋائىنى چەتكە قېقىشتا مۇنداق بىر قانچە سەۋەبلىرى بار ئىدى. نەۋائىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بۇرۇندىن تارتىپ تېمۇرىيلەر جەمەتىدىكى پادىشاھ ۋە شاھزادەلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، تېمۇرىيلەر ئوردىلىرىدا مەنسەپ تۇتۇپ كەلگەنىدى. شۇڭلاشقا تېمۇرىيلەر شاھزادەلىرىگە قاتتىق ئۆچمەنلىق قىلىدىغان ئەبۇ سەئىد نەۋائىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ساداقىتىدىن گۇمانلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائىنىڭ ئەبۇ سەئىدنىڭ كۈشەندىسى بولغان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بولغان ساۋاقداشلىق يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئۇنى تېخىمۇ شۈبھىلەندۈرەتتى.

شۇ ۋەجىدىن نەۋائى سوغۇق سىياسى كەيپىياتنىڭ بېسىمى ئىچىدە ياشىدى، شۇ دەۋرنىڭ ئادىتى بويىچە تونۇلغان شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوردىنىڭ ھامىيلىقىدا ياشايتى ۋە ئۆز ئىجادىيىتىنى راۋاجلاندۇراتتى. ئەمما نەۋائى بۇنداق ئىمتىيازلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېرىشەلمىدى. شۇڭا ئۇ ئۇن-تىنسىز ھالدا ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋە ئىجادىيەت بالاغىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە ھىراتتىكى مەشھۇر ئەرباب، بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئابدۇراھمان جامى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ھەمسۆھبەتتە بولۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. بۇ ئۇچرىشىش نەۋائىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇراھمان جامى بىلەن ئەلشىر نەۋائى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆمۈرلۈك دوستلۇق ۋە ئۇستاز- شاگىرتلىق مۇناسىۋەت رەسمىي باشلاندى.

نەۋائى ھىراتتا ئىككى يىلغا يېقىن غۇربەتچىلىك ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 1466-يىلىغا كەلگەندە، سەمەرقەنتكە بېرىش قارارىغا كەلدى. نەۋائىنىڭ ھىراتتىن كېتىشىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە سەمەرقەنتكە بېرىپ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئەبۇ سەئىدنىڭ سىياسى بېسىمىدىن ۋاقتىنچە قۇتۇلۇش نەۋائىنىڭ تۈپ خىيالى

ئىدى. خاندەمىر بۇ ھەقتە توختىلىپ «...سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە سەمەرقەنتكە بېرىپ، ئۇ جاناب(خوجا فەزلۇللا ئەبۇللەيس)نىڭ خانىقاھىدىن ھۇجرا ئالدى. بىر قانچە ۋاقىت تېگىشلىك ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشتى» دەپ يازىدۇ. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرمۇ ئۆزىنىڭ «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە «سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئۇنى (نەۋائىي دېمەكچى) نېمە گۇناھ بىلەن ھىرىيدىن سۈرگۈن قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. سەمەرقەنتكە باردى. ئۇ يەردە تۇرغان بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئەھمەد ھاجىبەگ ئۇنىڭغا ھامىي ۋە مۇرەببىي بولدى...» دەپ يازىدۇ. نەۋائىينىڭ ئۆزىمۇ «خەمسە»نىڭ بىرىنچى داستانى «ھەيراتۇر ئەبرار»دا ئۆزىنىڭ قانداق ئەھۋالدا ھىراتتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى مۇنداق يازىدۇ:

زۇلمى تۇرۇر ئۇشبۇكى بىر ناتەۋان،
ئىلم تىلەپ شەھرىدىن ئولغاي راۋان.
ئەينى فەلاكەتتىن ئاياغى يالاڭ.
تونى يوقىدىن تېنى داغى يالاڭ.
ئەگىدە ئەۋراقى كىتابى ئانىڭ،
قىلغالى تەھسىل شىتابى ئانىڭ.
ئاچ ئېتىبان قارنىنى مۇھتاجلىق،
تۇئمەگە مۇھتاج ئېتىبان ئاچلىق.
ھەرنە ئېتىپ، قانئىي ئۆلۈپ يول يۈرۈپ،
تا ئۆزىن ئۆز مەقسەدىگە يەتكۈرۈپ.

دەرۋەقە، نەۋائىي سەمەرقەنتكە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە غۇربەتچىلىك ئىچىدە كۈن كەچۈردى. ئەمما شائىر بۇ مەدەنىي شەھەرنىڭ قويۇق ئىلمىي مۇھىتىدا تۈرمۈشتىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلىم دېڭىزىغا شۇڭغىدى. مەدرىسەلەرگە قاتناپ يۈرۈپ ئىلىم تەھسىل قىلدى. كۆپلىگەن ئالىم-ئۆلىمالار بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەرخىل ئىلىملاردىن خەۋەردار بولدى ھەمدە ئۆزىمۇ شېئىرىي ئىجادىيەتتە خېلىلا يېتىلىپ قالدى. نەۋائىينىڭ

كۆندىن-كۈنگە يېتىلىۋاتقان ئۇستىداتى سەمەرقەنت ھاكىمى ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ نەۋائىنى ئۆز ھامىيلىقىغا ئېلىپ، تۇرمۇش جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ. ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

مۇشۇ يىللاردىكى سەمەرقەنت شەھىرى يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەمىر تېمۇر ۋە ئۇلۇغبەگ زامانىدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قويۇق ئىلمىي مۇھىتىنى مەلۇم جەھەتلەردىن ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. نەۋائى بۇ يەردە ھەر جاي، ھەر يەرلەردىن كەلگەن ئىلىم ھەۋەسكارلىرى بىلەن بىللە مەشھۇر ئالىم خۇجا فەزلۇللا ئەبۇللەيسدىن دىنىنىڭ «فىقھە» (قانۇن) ئىلمىدىن دەرس ئاڭلىدى. سەمەرقەنت مەدرىسەلىرىدە بولۇپ تۇرىدىغان ئەدەبىي مەجلىسلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. شېئىرىيەت ئەمەلىيىتىدىن باشقا يەنە ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە ئائىت كىتابلارنى تىرىشىپ ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ باردى. ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن ۋە زاماندىش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئالدى. نەۋائى ئۆزىنىڭ سەمەرقەنتتىكى ھاياتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يىگىتلىك دەۋرلىرىمدە ماھارەتلىك پارىسكۆي شائىرلارنىڭ ئېسىل شېئىرلىرىدىن ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق بېيىتنى يادلاپ، ئۇلاردىكى زوق ۋە خوشاللىقلار بىلەن ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇرغان، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە پىكىر بايان قىلغان، مۇلاھىزە ۋە تەپەككۇر ئارقىلىق ئۇلاردىكى يوشۇرۇن مەنىلەرنىڭ تېگىگە يەتكەن...».

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ سەمەرقەنتتىكى ھاياتى ئىلىم ئۆگىنىش جەھەتتە ئاجايىپ مول مەزمۇنلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈردى. ياش شائىر ئىجاد ۋە ئۆگىنىش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتنى كۆزەتتى. بۇ قەدىمىي پايتەختنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىگە نەزەر تاشلىدى. سەمەرقەنتنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىل-قەلئەلىرىگە تويماي باقتى. ئارقا كوچىلاردىكى ھۈنەرۋەن-كاسىپلار، مازار-ماشايىخلاردىكى دەرۋىش-سوپىلار، شۇنىڭدەك ئىلىم ساھەسىدىكى ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى. پۈتكۈل خۇراسان ۋە

ماۋەرائۇننەھرنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزەتتى. قىسقىسى، سەمەرقەنت دەۋرى نەۋائى ھاياتىنىڭ ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قايىنىمىغا چۆمۈلگەن، گۈزەل ياشلىق ئەسلىمىلىرى بىلەن تولغان، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر كەپتىرىنىڭ قانىتى يېشىلگەن موھىم بىر دەۋر بولدى. نەۋائى سەمەرقەنتتىكى ئاشۇ كۈنلىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ھېسسىياتى، روھىي كەچۈرمىشلىرى ۋە ئوي-خىياللىرىنى «سەئىد ھەسەن ئەردەشىرگە يېزىلغان مەكتۇب»تا تەپسىلى بايان قىلدى.

1468-يىلى سۇلتان ئەبۇ سەئىد زور قوشۇن باشلاپ ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ھالبۇكى، بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئەزەربەيجاندا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ھۈسەيىن بايقارا ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ توسالغۇسىز ھالدا ھىراتقا كىرىپ تەختنى ئىگەللەيدۇ ۋە ناھايىتى تېزلا پۈتكۈل ھىرات ۋە خۇراسان ئېلىدە يېڭى تەرتىپ ئورنىتىدۇ. ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھىرات تەختىگە ئولتۇرۇشى خۇراساندا يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ياش نەۋائى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ئەمدى ئىشقا ئاشىدىغانلىقىدىن ۋە خۇراسان خەلقىنىڭ تىنىچ-ئاسايىشلىققا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خوشال بولدى. شائىر قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە ھىراتقا قايتىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارامۇ ھىرات تەختىنى ئىگىلەپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاچ، سەمەرقەنتكە مەخسۇس مەكتۇپ يوللاپ، نەۋائىنى ھىراتقا چاقىرتتى.

نەۋائى قەلبىگە گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلارنى پۈكۈپ ئانا شەھىرى ھىراتقا قايتىپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى سەرسان-سەرگەردانلىق، غېرىب-غۇربەتلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىغا زور ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ ئۇنى تامغىدارلىققا تەيىنلىدى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىر يىل بولا-بولمايلا يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. 1470-يىلى 5-ئايدا نەۋائى سۇلتاننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، ھىراتنى ئىشغال

قىلغان يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئىسيانىنى باستۇرۇشتا ئالاھىدە پىداكارلىق كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ھۈسەيىن بايقارانى چوڭ بىر خەۋپتىن خالاس قىلىدۇ، بۇ ئىش ھۈسەيىن بايقارانىڭ نەۋائىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

1472ـ يىلى 2ـ ئايدا (ھىجرىيە 876ـ يىلى شەئبان ئېيىدا) ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىنى دىۋان بېگى مەنسىپىگە تەيىنلەيدۇ. ھەممە ئۇنىڭغا «ئەمىرى كەبىر» ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. گەرچە نەۋائىغا بېرىلگەن مەنسەپ ئەڭ ئالىي ئورۇن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەل ئىچىدىكى ئىناۋىتى بىلەن سۇلتاندىن قالسىلا ئەڭ نوپۇزلۇق شەخس ھېسابلىناتتى.

نەۋائى زاماندىشلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، بۇ دەۋردە ئۇ كاتتا يۈز-ئابرۇيغا ۋە چوڭ ھوقۇقلارغا ئىگە ئىدى. مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئارىلىشاتتى ھەمدە مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشاتتى. بۇ ھال شائىرنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىگە زور توسالغۇ بولۇپ قالدى. باش-ئاخىرى تۈگىمەيدىغان دۆلەت ئىشلىرى نەۋائىنىڭ زېھنى كۈچى ۋە ۋاقتىنى خورىتىپ بېرىۋاتاتتى. شۇڭلاشقا نەۋائى ئۆز ئەھۋالىدىن زارلىنىپ:

كىم بار ئىدى باشىما كۆپ مېھنەتىم،
يوق ئىدى باش قاشىغالى فۇرسەتىم.

دەپ شىكايەت قىلىدۇ ھەمدە كېچىلىرى ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى، ھەر كېچىسى قىرىق-ئەللىك بېيىتتىن يېزىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، نەۋائى ئۆز ۋاقتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇنىڭدىن باشقا، نەۋائى يەنە مۇشۇ مەزگىللەردە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، جەمئىيەت تەرتىپىنى تۈزەش ۋە ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق چوڭ ئىشلار بىلەن ئالدىراش

بولۇپ كەتتى. نەۋائى ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتا-ئانىسىنىڭ يەر-زېمىن ۋە مال-مۈلۈككە مىراسخورلۇق قىلىدى ھەمدە كاتتا مۈلۈك ئىگىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىنىڭ مۆھىۋۇردار ۋە دىۋانبەگلىك مەنسىپىگە قوشۇپ كاتتا يەر-سۇ ۋە بىر مۇنچە قىشلاقلارنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. نەۋائى پادىشاھنىڭ يېقىن كىشىسى ۋە ئەمىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ يەرلەردىن كېلىدىغان دارامىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەملىكەتنىڭ روناق تېپىشىغا، خەيرى-ساخاۋەت ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ھىرات شەھىرىدىكى كاتتا بىنالارنىڭ قۇرۇلۇشىغا، شۇنىڭدەك ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە سەرپ قىلاتتى.

بۇ يىللاردا نەۋائىنىڭ زور تىرىشچانلىقى ئاستىدا ھىرات شەھىرى پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەرگە ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىسلام شەرقىدىكى موھىم مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. نەۋائى ئۆز مەبلىغى بىلەن سالدۇرغان «ئىخلاسىيە» مەدرىسەسى ھىراتتىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ قالدى. نەۋائى بۇ مەدرىسەگە ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم-ئۆلىمالارنى مۇدەررىسلىككە تەيىنلىدى. بۇ مەدرىسەنىڭ جەنۇبىغا «خەلاسىيە» نامى بىلەن كاتتا خانىقاھ سالدۇردى. مەدرىسەنىڭ غەربىدە «شىفائىيە» ناملىق بىنا بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا مەشھۇر تېۋىپلەرنى توپلىدى. مەدرىسەنىڭ غەربىدە يەنە كاتتا مەسچىت-جامەئە، مەسچىت قېشىدا بىر ھەيۋەتلىك گۈمبەز بىنا قىلدۇردى. نەۋائى يەنە ئۆز ئەتراپىغا كۆپلىگەن ئالىملار، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنى توپلاپ، ئۇلارغا ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. نەۋائىنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا يەتمىشتىن ئارتۇق خەتتات، كاتىپ، نەققاش قاتارلىق كىشىلەر خەت كۆچۈرۈش، كىتابلارنى زىننەتلەش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىخلاسىيە مەدرىسەسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئىككى مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى نەۋائى ئۆزىنىڭ شەخسىي مال-مۈلۈكىدىن چىقىم قىلاتتى. قىسقىسى، ھىراتنىڭ 15-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن قويۇق مەدەنىي مۇھىتى ۋە گۈزەل قىياپىتىنى ئەلىشىر نەۋائىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا نەۋائى خەلق ئارىسىدا بىر مەشھۇر

شائىرلا ئەمەس، بەلكى بۈيۈك دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، «بۈيۈك ئەمىر»(ئەمىرى كەبىر)، «ئەمىرى رەۋشەن زەمىر» نـاملىرى بىـلەن يـۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى.

ئەپسۇسكى، نەۋائىنىـڭ كۆنـدىن-كـۈنگە ئېشىـپ بېرىۋاتقـان شـان-شـۆھرىتى ۋە سـۇلتان بىـلەن بولغـان يـېقىن مۇناسـىۋىتى نەۋائىنىـڭ دۈشـمەنلىرىنى بارغانسـېرى خاتىرجەمسـىزلەندۈرۈپ بـاردى. بۇنىـڭ بىـلەن ئوردىدىكى نىزامۇلمۇلك، مەجدىدىدىن قاتارلىق ئەمەلدارلار ئۆز ئالدىغا گورۇھ تەشكىللەپ، نەۋائى ئۈستىدىن سۇلتانغا پىتنە-پاسات ۋە تـۆھمەت تارقـاتتى ھەمدە نەۋائىنى ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈشـكە ئۇرۇنـدى. كـۆپ بـويى ئەيـش-ئىشرەت ۋە ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتكەن ھۆسەيىن بايقارا ئـۆز ئەتراپىـدىكى پىتنىخور ۋەزىرلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا ئىشـىنىپ نەۋائىغا نىسـبەتەن سـوغۇق ۋە گۇمانىي مۇئامىلىدە بولۇشقا باشلايدۇ.

بۇنىڭ بىلەن 1476-يىلىغا كەلگەندە نەۋائى سۇلتانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئوردىـدىكى مەنسـەپلىرىدىن ئىسـتېپا بېرىـدىغانلىقىنى بىلدۈرىـدۇ، ھەمدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مەككە-مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىـش ئارزۇسـىنى بايـان قىلىـدۇ. ئەممـا سـۇلتان ئۇنىـڭ ھەجگە بېرىـش تەلىپىنـى رەت قىلىـدۇ. نەۋائـى يەنە سـۇلتانغا ئىلتىمـاس سـۇنۇپ ھىـرات شەھىرىنىڭ چېتىدىكى گوزۇرگاھ دېگەن جايىنى ئـۆز ئىختىيارىغا بېرىشـنى ئىلتىماس قىلىدۇ. سۇلتان نەۋائىنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى تەستىقلايدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ نەۋائى بۇ جايىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. ھەمدە كۆپلىگەن ئاممىۋى ئەسلىھەلەر، يەنى مېھمانساراي، ھاممـام، شـىپاخانىلارنى سالدۇرىدۇ.

نەۋائى دۆلەت ئىشلىرىدىن بوشاپ چىققاندىن كېيىن پۈتكۈل زېھنىنـى ئۆزىنىـڭ ئىجـادىيىتىگە قارىتىـدۇ. بـوش ۋاقىتلىرىـدا جامائەتنىـڭ تۈرلـۈك پائـالىيەتلىرىگە ۋە خەلـق پـاراۋانلىق ئىشـلىرىغا ئارىلىشـىدۇ. نەۋائـى گەرچە ئوردىدىكى مەمۇرىي ھوقۇقلىرىدىن ئىستېپا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىـلا

سۇلتاننىڭ يېقىن كىشىسى سۈپىتىدە ھىراتتىكى نوپۇزلۇق ئەرباپ بولۇپ قالىدۇ.

مۇشۇ مەزگىللەردە ھىراتنىڭ ئەدەبىي مۇھىتىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەرباپ ئابدۇراھمان جامى ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا جاي-جايلاردىن كەلگەن ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى تالىپلار، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى توپلانغانىدى. نەۋائى بۇرۇندىن تارتىپلا جامىنى ئۆزىنىڭ پىر-ئۇستازى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدى. مۇشۇ يىللاردا نەۋائى بىلەن جامىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ھەمكارلىق يەنىمۇ كۈچىيىپ باردى. نەۋائى پات-پاتلا جامىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ھەمسۆھبەتتە بولاتتى. ئۆزى يازغان ۋە يازماقچى بولغان ئەسەرلىرى ئۈستىدە جامى بىلەن سۆزلىشەتتى. نەۋائى بىلەن جامى ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي دوستلۇق ۋە ئىلمىي ھەمكارلىق 15-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ھىراتنىڭ مەدەنىي مۇھىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە كاتتا رول ئوينىدى. بۇ مەزگىللەردە كۆپلىگەن شائىرلار، ئەدىبلەر، ھەكىملەر، تارىخچىلار، موزىكانتلار ۋە رەسساملار بۇ ئىككى زاتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ھىراتتىكى ئەدەبىي ۋە ئىلمىي كەيپىياتنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرگەنىدى. شۇڭلاشقا بابۇر مۇشۇ دەۋردىكى ھىراتنىڭ مەدەنىي مۇھىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئەھلى فەزل ۋە بىنەزىر ئەلدىن خۇراسان، بەتەخسىس ھىرى شەھرى مەملۇ ئىدى. ھەر كىشىنىڭكىم بىر ئىشقا مەشغۇللىقى بار ئىدى. ھىممەتى ۋە غەرزى ئۇل ئەردىكىم، ئۇل ئىشنى كامالغا يەتكۈزگەي».

نەۋائى پۈتكۈل ئىشتىياقى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتى. شۇ كەمگىچە يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى توپلاپ «خەزائىنۇل مەئانى» نامى بىلەن چوڭ دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ توپلام كېيىنچە ئەل ئىچىدە «چاھار دىۋان» دەپمۇ ئاتالدى. 1483-يىلىغا كەلگەندە شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى بۈيۈك ئەسەر «خەمسە»نى يېزىشقا رەسمىي تۇتۇش قىلدى. جامى نەۋائىنىڭ تۈركىي تىلى بىلەن «خەمسە» يازماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىنلار ئوقۇدى. شائىر ئىجاد دېڭىزىغا چۆمۈلدى. قەلبى سەنئەت

يۈكسەكلىكىنىڭ ئەۋجىدە ئۆركەشلىدى. پەي قەلەمنىڭ ئۇچىدىن ئاپئاق خوتەن قەغىزىگە دۇردانىلەر تۆكۈلدى... خاندەمىر نەۋائى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازدى: «دائىملىق ئادىتى بويىچە ئۆزىنىڭ پۈتكۈل قۇتلۇق كۈنلىرىنى ‹ئەسەرلىرىدىكى› سۆزلەرنى تۈزىتىش ۋە مەنىلىرىنى تەكشۈرۈش، دەلىللەرنى تەرتىپكە كەلتۈرۈش ۋە مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش، ئىلىم سىرلىرىنى ئېچىش ۋە ئەقلىي پەنلەرنىڭ نازۇك نۇقتىلىرىنى تېپىشقا سەرپ قىلدى».

نەۋائى ھاياتىغا دائىر تەتقىقاتلاردا ھازىرغا قەدەر بوشلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقىنى ـ دەل نەۋائىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىدۇر.

شائىر نېمە ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئائىلە بەختىدىن بەھرىمەن بولالمىدى؟

شەرق رىۋايەتلىرىدىكى ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ يۈرەكنى لەختە-لەختە قىلىدىغان مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە ئۆلمەس داستانلارنى ياراتقان نەۋائى نىمىشقا ئۆزىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشىنى سىر ھالىتىدە قالدۇردى؟...

شائىر كىمنى سۆيگەن؟ شائىرنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلغان جانان قىزنىڭ ئىسمى-شەرىپى نىمىشقا ھېچبىر مەنبەدە ئۇچرىمايدۇ؟!

بابۇر بۇ ھەقتە توختىلىپ: «... (نەۋائى) پەرزەنتسىز، ئايالسىز، بۇ ئالەمدىن يالغۇز-يىگانە ئۆتتى» دەپ يازىدۇ. ئەمما نەۋائىنىڭ كىمنى سۆيگەنلىكى، ھەمدە نېمە ئۈچۈن ئائىلە قۇرمىغانلىقى ھەققىدە مەنبەلەردە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائىنىڭ مىجەز-خاراكتېرىدىكى نازۇكلۇق ۋە ئىچمايىل پىسخىكا ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى ھەققىدە كەڭ كۇشادە سۆز ئېچىشقا يول قويمىغان بولسا كېرەك. شۇڭا بابۇر يەنە «ئەلىشىر بەگ نازۇك مىجەزلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. كىشىلەر ئۇنىڭ نازۇكلۇقىنى دۆلىتىنىڭ غورۇرىدىن بولغان دەپ بىلىشەتتى. لېكىن ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. بۇ ئۇنىڭ تۇغما سۈپىتى ئىكەن» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

نەۋائىنىڭ ئۆزى بۇ ھەقتە ھېچبىر ئەسىرىدە ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلىمەيدۇ. بەلكى ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىم مىسرالىرىدا ئاز-تولا يوشۇرۇن ئىشارەتلا بېرىدۇ، خالاس. شۇڭلاشقا نەۋائىشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل شۇغۇللانغان بەزى ئالىملار «نەۋائىنىڭ مۇھەببەت تارىخى ئېھتىمال بىرەر پاجىئە بىلەن باغلانسا كېرەك» دەپ قارايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن تۈركمەنلەر، تاجىكلار، ئۆزبېكلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان نەۋائى بىلەن گۈل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن رىۋايەتلەرمۇ يۇقىرىقى پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

«...سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەن ئەلىشىر بىر كۈنى باغقا كېتىۋېتىپ تاسادىپىيلا بىر ئۆيىنىڭ ھويلىسىدا تۇرغان گۈزەل قىز-گۈلنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولىدۇ.گۈل قىزمۇ بۇ ياش ۋەزىرنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. ئەلىشىربەگ قىزنىڭ ئاتىسىدىن نىكاھقا رازىلىق ئالىدۇ. ئەتىسى سۇلتان ۋەزىرى ئەلىشىرنى ئېلىپ شىكارغا ئاتلىنىدۇ. گۈل بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بولغۇسى ئېرى ئەلىشىرنى كۆرۈش ئۈچۈن باغنىڭ تېمىدىن يولغا قارايدۇ. دەل شۇ چاغدا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ ۋە ئۇنى ئەمىرىگە ئالماقچى بولىدۇ. ئەلىشىر قاتتىق ئازاپ ئىچىدە ئۆز سۆيگۈسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە قىزنىڭ ئۆيىگە سۇلتاننىڭ ئەلچىسى بولۇپ بارىدۇ. قىز زار-زار يىغلاپ بىر شەرت بىلەن ماقۇل بولىدۇ. يەنى ئىككى خىل دورا كەلتۈرۈپ، بىرىنى ئۆزى ئىچىدۇ، يەنە بىرىنى ئەلىشىر بەگكە ئىچۈرىدۇ، بۇ دورا قىرىق كۈندىن كېيىن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، گۈلنىڭ جىنىنى، ئەلىشىرنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوق قىلاتتى. گۈل ئۆلۈمگە بەش كۈن قالغاندا ئەلىشىرنى سارايغا چاقىرتىدۇ. دەل بۇ چاغدا سۇلتان شىكاردىن قايتىپ گۈلنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قالىدۇ. ئەلىشىر بۇنىڭدىن قاتتىق ئۇڭايسىزلىق ئىچىدە قالىدۇ. قىرىق كۈن بولغاندا گۈل ئۆلىدۇ. ئوردا ئەھلى بۇ مۇسىبەتنى سۇلتان ھۈسەيىنگە يەتكۈزۈشنى ئەلىشىر نەۋائىدىن ئىلتىماس قىلىدۇ. نەۋائى سۇلتان ھۈسەيىنگە: «سەرۋىنىڭ سايەسىدە سۇلدى گۈل، نە قىلماق كېرەك ؟» دەيدۇ. سۇلتان بۇنىڭغا جاۋابەن: «سەرۋىدىن تاۋۇت ياساپ، گۈلدىن

كېيەن ئەتمەك كېرەك.» دەيدۇ. ئۇلار قىزنى كۆز يېشى تۆكۈپ دەپنە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نەۋائىي ئۆمۈر بويى توي قىلمايدۇ. پەرزەنت يۈزىمۇ كۆرەلمەيدۇ...» .

نەۋائىينىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشىگە دائىر بۇ تەسىرلىك رىۋايەت خەلق ئارىسىدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم پارسچە قول يازمىلاردىمۇ ئۇچرايدۇ.بۇ رىۋايەتنىڭ نەۋائىي هاياتىدىكى رېئال كەچۈرمىشلەر بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە چىپىسلىشىدىغانلىقى ھەققىدە نەۋائىيشۇناسلىق ئىلمىدە ھازىرغىچە ئېنىق يەكۈن يوق.

نەۋائىينىڭ زامانداشى ۋاسىفى(1485ـ1551) بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ئەلشىر ئۆيلەنمىگەنىدى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكى زامانىنىڭ ھەممە كىشىلىرىنى قىزىقتۇرار ئىدى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ئەلشىرنىڭ ئۆيلەنمەسلىكىدىكى سەۋەپ ـ ئۇنىڭ ‹ئېتىكى پاكلىقى› ۋە نەپسانى شەھۋەتكە مەيلى يوقلىقى، يەنى ئەخلاقى جەھەتتىن ناھايىتى يۈكسەكلىكى، ئىلىم ـ پەن ۋە شېئىرىيەتكە بېرىلگەنلىكىدىن بولغان دەپ قارايتتى. سۇلتاننىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى خەدىچە بېگىم بولسا بۇنىڭ سەۋەبىنى باشقا تەرەپتىن چۈشىنەتتى. ھەقىقەتنى ئېنىقلاش ئۈچۈن خەدىچە بېگىم ئۆزىنىڭ ناھايىتى گۈزەل كېنىزەكلىرىدىن دەۋلەتبەختنى ئەلشىرنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدۇ. ياش كېنىزەك تۈرلۈك باھانەلەرنى كۆرسىتىپ ئەلشىرنىڭ ئۆيىدە تۈنەپ قالىدۇ. كېچىدە قىز ئەلشىرنىڭ قوينىغا كىرىدۇ... دەۋلەتبەخت ئەتىسى خەدىچە بېگىمنىڭ ئالدىغا خوشال قايتىپ، پۈتۈن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىدۇ. نەتىجىدە سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ پىكرى توغرا بولۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەدىچە بېگىمنىڭ ئەلشىرگە بولغان ھۆرمىتى ئاۋۋالقىدىن يۈز ھەسسە ئاشىدۇ» .

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، نەۋائىينىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشى ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى ئېنچىكە تەرەپلەر، جۈملىدىن شائىرنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىدىكى بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارا ئىپادىلىنىدىغان مۇڭ ـ زار بىرگە ئۇنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىدىن دالالەت بېرىپ تۇرۇپتۇ، نەۋائىينىڭ مىجەز-

خاراكتېرىدىكى ئىنچىكە ئالاھىدىلىكلەر ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇشىدىكى سىرلار كەلگۈسىدە نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېما سۈپىتىدە داۋاملىق تەتقىق قىلىنغۇسى.

نەۋائى سۇلتان ھۈسەيىن ئوردىسىدىكى مەمۇرىي ۋەزىپىلىرىدىن بوشاپ چىققاندىن كېيىنكى بىر قانچە يىللاردا كۆپ ۋاقتىنى ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە قاراتتى. ئەسەرلىرىنى توپلاپ، قايتا رەتلەپ، دىۋانلار تۈزدى. ئەمما ئۇ سۇلتان ھۈسەيىن ھاكىمىيىتىنىڭ كۈنسىرى زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان ھالىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلدى. مەملىكەتنىڭ ئىچى-سىرتىدا يۈز بېرىۋاتقان چوڭ ۋەقەلەرگە، ئاۋام خەلقنىڭ دەرد-ئەلەملىرىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇردى. ئۆزىنىڭ ئەل ئىچىدىكى يۇكسەك ئابرۇيى-ئىناۋىتى ۋە پادىشاھقا بولغان مەجبۇرىيىتىدىن قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ چىرىك سىياسەتلىرىگە چەك قويدى.(بۇ جۈملىدىكى مەزمۇندا چۈشىنىكسىزلىك بار-كەتمەنباي)

ئەپسۇسكى، نەۋائىنىڭ سۇلتان ھۈسەيىندىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى بارغانسىرى جاۋاپسىز قالدى. خۇددى بابۇر ئېيتقاندەك، «سۇلتان ھۈسەيىن خۇراساندا قىرىق يىلغا يېقىن پادىشاھ بولۇپ، پېشىندىن كېيىن ئىچمىگەن كۈنى يوق ئىدى... ھەددىدىن ئارتۇق ئىشرەت ۋە پاسىقلىق بىلەن مەشغۇل ئىدى». كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئۇ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كەيىپ-ساپاغا بېرىلىپ كەتتى. ئۆز ئەتراپىدىكى ھەسەتخۇر ئەمەلدارلارنىڭ پىتنە-پاساتلىرىغا ئىشىنىپ، نەۋائىنى بارغانسىرى ئوردىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا باشلىدى. 1487-يىلى سۇلتان ھۈسەيىن نەۋائىنى ھىراتتىن يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنى يىراق ئاستراباددا ھاكىملىق مەنسىپى بىلەن بېرىشنى پەرمان قىلدى. نەۋائى مەجبۇرى ھالدا ھىراتتىن ئايرىلدى. ئۇ ئاستراباددا بارغاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىش، مەدەنىي كەيپىياتنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر مۇنچىلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. كىچىلىرى ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما شائىرنىڭ پۈتكۈل دىققىتى يەنىلا پايتەخت ھىراتنىڭ

ئەھۋالدا ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1488-يىلى نەۋائى پايتەختكە قايتىدۇ ۋە سۇلتان ھۇسەيىندىن ھىراتتا قېپقىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ھۇسەيىن بايقارا يەنىلا نەۋائىنىڭ ئاستىرابادقا قايتىشىنى بۇيرۇيدۇ.

نەۋائى ئامالسىز يەنە ئاستىرابادقا قايتىدۇ. ئۇ سۇلتاننىڭ ئوردىدىكى پىتنە-پاساتچىلارنىڭ تەسىرىدە ئاينىپ كەتكەنلىكىنى، ھاكىمىيەت ئۇلىنىڭ تەۋرەپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھىس قىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي نەۋائىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سۇيىقەستى پاش بولىدۇ. سۇلتان ھۇسەيىن دەرھال نەۋائىغا مەكتۇپ يېزىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە نەۋائىنىڭ ھىراتقا قايتىپ كېلىشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. نەۋائى ھىراتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دۆلەتنىڭ ھېچقانداق سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، ئوردىدىن يىراقتا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھۇسەيىن بايقارا ئۇنىڭغا «مۇقەررەبى ھەزرەتى سۇلتانى»(ھەزرىتى سۇلتاننىڭ ئەڭ يېقىنى) دېگەن نامنى بېرىدۇ. شۇڭلاشقا بابۇرمۇ ئەلىشىربەگ سۇلتان ھۇسەيىننىڭ «بېگى ئەمەس، دوستى ئىدى» دەپ يازغانىدى.

شۇ يىلى نەۋائىنىڭ بەلختە ھاكىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنىسى دەرۋىش ئەلى ئوردىدىكى مەجدىددىننىڭ رەزىل قىلمىشلىرىغا چىدىماي ئىسيان كۆتۈرىدۇ. مەجدىددىن سۇلتان ھۇسەيىنگە «بۇ ۋەقەدە ئەلىشىر بەگنىڭ قولى بار» دەپ تۆھمەت قىلىدۇ. نەۋائى بۇ تۆھمەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن سۇلتاننىڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە بەلخقە بېرىپ ئىسياننى تىنجىتىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھاكىمىيىتى قاتتىق كىرزىس ئىچىدە قالىدۇ. شاھزادەلەر تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىپ تەرەپ-تەرەپتىن ئىسيان قوزغايدۇ. بولۇپمۇ سۇلتان ھۇسەيىن بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بەدىئۇززامان مىرزا ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن نىزا ۋە جەڭگە-جېدەللەر ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ. نەۋائى ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى تىغ كۈرىشىنى توختىتىش ۋە ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن چوڭ نەتىجە چىقمايدۇ. سۇلتاننىڭ ئامراق خوتۇنى خەدىچە بېگىم باش ۋەزىر نىزامۇلمۇلك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز ئوغلى مۇزەپپەر

ھۆسەيىننى تەخت ۋارىسى قىلىشقا كۆچەيدۇ. ئۇلار سۇلتان ھۆسەيىن بايقارانىڭ مەستلىكىدىن پايدىلىنىپ، بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ ئوغلى، سۇلتاننىڭ ئامراق نەۋرىسى - مۆمىن مىرزىنى قەتل قىلىشقا قول قويدۇرۇۋالىدۇ. سۇلتان مەستلىكتىن يېشىلگىنىدە بۇ پەرماننى قايتۇرىۋېلىشقا كېچىكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كۆچىيىپ كېتىدۇ.

نەۋائى كۆز ئالدىدىكى بۇ پاجىئەلەردىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. سۇلتان ھۆسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ تەقدىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1492-يىلى ئابدۇراھمان جامىنىڭ ۋاپات بولۇشى ئۇنىڭغا كۆچلۈك زەربە بولىدۇ. نەۋائى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىسىزلىك ۋە پەرزەنتسىزلىك ئازابى شائىرنىڭ غېرىب ۋە مىسكىن كۆڭلىنى تېخىمۇ قىينايدۇ. نەۋائى زامانداشلىرىنىڭ خاتىرەلىرىگە قارىغاندا، شائىرنىڭ ئاخىرقى يىللاردا مىجەزىنىڭ تولىمۇ نازۇكلىشىپ، بىر ئىشلاردىن ئاسان رەنجىيدىغان، ھەتتە ئەسەبىيلىشىدىغان بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم. ئەمما نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى قىيىن مەزگىللىرىدىمۇ ئىجادىيىتىنى توختىتىپ قويمىدى. «لىسانۇت-تەير» «مۇھاكەمەتۇل-لۇغەتەيىن»، «تارىخىي مۇلۇكى ئەجەم»، «مەھبۇبۇل-قۇلۇپ» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىنى شۇ يىللاردا يېزىپ تۈگەتتى.

نەۋائى كۆز ئالدىدىكى بۇ پاجىئەلەردىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. سۇلتان ھۆسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ تەقدىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1492-يىلى ئابدۇراھمان جامىنىڭ ۋاپات بولۇشى ئۇنىڭغا كۆچلۈك زەربە بولىدۇ. نەۋائى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىسىزلىك ۋە پەرزەنتسىزلىك ئازابى شائىرنىڭ غېرىب ۋە مىسكىن كۆڭلىنى تېخىمۇ قىينايدۇ. نەۋائى زامانداشلىرىنىڭ خاتىرەلىرىگە قارىغاندا، شائىرنىڭ ئاخىرقى يىللاردا مىجەزىنىڭ تولىمۇ نازۇكلىشىپ، بىر ئىشلاردىن ئاسان رەنجىيدىغان، ھەتتە ئەسەبىيلىشىدىغان بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم. ئەمما نەۋائى ئۆمرىنىڭ

ئاخىرىدىكى قىيىن مەزگىللىرىدىمۇ ئىجادىيىتىنى توختىتىپ قويمىدى. «لىسانۇت-تەير» «مۇھاكەمەتۇل-لوغەتەيىن»، «تارىخىي مۇلۇكى ئەجەم»، «مەھبۇبۇل-قۇلۇپ» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىنى شۇ يىللاردا يېزىپ تۈگەتتى.

مىلادىيە 1500-يىلى يازدا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئاستراباداتا ئىسيان كۆتۈرگەن ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەيىنگە قارشى قوشۇن تارتىدۇ. نەۋائى ھىراتتا قالىدۇ. سۇلتاننىڭ بۇ يۈرۈشى شۇ يىلى 12-ئايدا ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. سۇلتان ھۈسەيىن پايتەختكە قايتىدۇ. نەۋائى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر تۈپ جامائەتنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇلتاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىدۇ. يىراقتىن داقا-دۇمباقلار ساداسى ياڭراپ سۇلتاننىڭ مەپىسى كۆرۈنىشى بىلەن نەۋائى ئالدىراش ئاتتىن چۈشىدۇ-دە، بېشىنىڭ قىيىپ، پۇت-قوللىرىدا ماغدۇر قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شائىر ئالدىغا بىر قانچە قەدەم ماڭمايلا يەرگە يىقىلىدۇ. شۇ يىقىلغىنىچە قايتا ھوشىغا كېلەلمەيدۇ. كېسەل سەكتىگە ئايلىنىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. بۇ دەل ھىجرىيە 906-يىلى 12-جامادىيەلئاخىر، يەنى مىلادىيە 1501-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ھىرات شەھىرى ماتەم قايغۇسىغا چۆمدى.

پۈتكۈل خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋە سۆيۈملۈك كىشىسىدىن ئايرىلدى!

نەۋائىنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا باشتىن-ئاخىر ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغان تارىخچى خاندەمىر قاتتىق قايغۇ ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازدى: «... مەھشەر كۈنى غۇۋغاسى پۈتۈن يەر يۈزىنى جۇلغىدى. ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ يىغا-زارىسى، كاتتايۇ-كىچىكلەرنىڭ فەريادۇ-فىغانى ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەۋجىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. سۇلتانى ساھىبقىران ۋە پادىشاھ خانىدانىنىڭ بەزى ئەزالىرى تۇشمۇ-تۇشتىن يېتىپ كەلدى ۋە ئىززەت تەختىدىن ماتەم قايغۇسىغا چۆمۈپ يىغىغا چۈشتى. پەيغەمبەر سۈننىتىگە مۇۋاپىق مېيىتنى

يۈيۈش، كېپەنلەش مۇراسىملىرىنى ئادا قىلىشتى، جىمى خەلق رەھمەت ئېگىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا خىيابانغا قاراپ يول ئالدى... شۇ پەيتتە ھاۋا جەۋھىرى شاھۇ-گەداغا قوشۇلۇپ، چەكسىز ياش قەترىلىرىنى ياغدۇردى. بەلكى رۇھۇ-رەيھان بۇلۇتلىرى ئۆز تامچىلىرىنى ئۇنىڭ ئەرشتەك مۇئەززەم تاۋۇتى ئۈستىگە تۆكتى. ھىرات ھېيتگاھىدا جىنازا ئوقۇلدى. كېيىن ئەلىشىرنىڭ ئۆزى سالغان مەسچىت جامائە يېنىدىكى، ئىلگىرى ياساپ قويۇلغان گۈمبەز ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ دەپنە قىلىندى. ‹ئەي تۇپراق، باغرىڭدا نىمە بارلىقىنى نەدىن بىلسەن؟› - ئاشۇ كېچىسى بۈيۈك سەئىدلەر ۋە ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئاشۇ قەبرە تۆپىسىدە تۈنەپ چىقتى. قارىيلار تاڭ ئاتقۇچە تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى... سۇلتان ساھىبقىران ئۈچ كۈنگىچە ئۇ ئەھلى دىللار باشلىقى(ئەلىشىر)نىڭ ئۆيىدە ماتەم تۇتۇپ ئولتۇردى...».

# ئۈچىنچى باب: نەۋائى دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغۇنۇشى

نەۋائى ئاجايىپ داۋالغۇپ تۇرغان بىر تارىخىي دەۋردە ياشىدى. بۇ ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشى نەتىجىسىدە ئىسلام شەرقىدە كۆتۈرۈلگەن بىرىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغۇنۇشى ئاخىرلاشقان، شەرقتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن چىڭگىز قوشۇنلىرى بىلەن غەربتە كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقان ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى باغداد خەلىپىلىرىنى زەئىپلەشتۈرگەن، مەدەنىيەت مەركەزلىرى غەربىي ئاسىيادىن خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكەلگەن دەۋر ئىدى. مانا مۇشۇ دەۋردە تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا نىسپىي مۇقىملىقنىڭ ئورنىتىلىشى مۇسۇلمان شەرقىدە ئاخىرقى بىر قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغۇنۇش دەۋرىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆتۈرۈلگەن ئاخىرقى مەدەنىيەت ئويغۇنۇشى ئۆزىگە ئاجايىپ ئۇلۇغۋار مەزمۇنلارنى جۇغلىدى. نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز زامانىدىشى ۋە ئۇستازى بولغان بۈيۈك پارس-تاجىك مۇتەپەككۇرى ئابدۇراھمان جامىنىڭ ئەدەبىي ۋە پەلسەپەۋى مىراسلىرى بىلەن بىللە پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ 15-ئەسىردىكى ئاخىرقى مەدەنىيەت ئويغۇنۇش دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلدى.

ئۆز مەنەسىدىن ئېيتقاندا، تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ۋە پارس مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە شارائىت ھازىرلىدى. نەۋائى دۇنياغا كېلىشتىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا «تېمۇرىيلەر دۆلىتى» دەپ ئاتالغان بىر كاتتا ئىمپېرىيە ۋۇجۇتقا كېلىپ يەنە پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. ئەمىر تېمۇر ئۆزىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى داۋامىدا ئىستىلا قىلىنغان مەملىكەتلەردىن كۆپلىگەن ئالىم-ئۆلىما، ھۈنەرۋەن-كاسىپ

ۋە يېتىشكەن بىلىم ئىگىلىرىنى سەمەرقەنتكە يىغقانىدى. قارام قىلىنغان ئەللەرنىڭ خەزىنەلىرىدىكى ئالتۇن-كۈمۈش ۋە تۈرلۈك بايلىقلارنى پايتەختكە توپلىدى. ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي كىرزىسنى تۈگىتىش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 15-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى سەمەرقەنت بىلەن كېيىنكى يېرىمىدىكى ھىرات پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىسلام شەرقىدىكى مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. شۇڭلاشقا تارىخچىلارنىڭ ئەمىر تېمۇرنى يېقىنقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك شەخس دەپ قارىشى ھەمدە «چىڭگىزخان بۇزغان، تېمۇر تۈزگەن» دېگەن باھانى بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بىلەن بۇ تېررىتورىيىدە تۈركىي-مۇڭغۇل ۋە ئىران-ئىسلام مەدەنىيەتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مەدەنىي ھايات ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. خۇددى ئامېرىكا ئالىمى گاۋىن ھامبلى ئېيتقاندەك: «مەدەنىيەت ساھەسىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ تۆھپىسى تەڭداشسىز ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇلار پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇلۇغۋار دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە شاراپەت ھازىرلىدى. ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھىرات، مەشھەد، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلەردە ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر بىلەن ئىسلام مەدرىسەلىرىنى بىنا قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن رەسسام ۋە خەتتاتلارنى ھىمايە قىلىشى ئارقىسىدا ھەممىگە مەشھۇر بولغان پارس ئۇسلۇبىدىكى مىنياتۇرا رەسىملىرى ۋە قولىيازمىلار دۇنياغا كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا باشقا ھېچقانداق بىر سۇلالە ئۇلارغا ئوخشاش بۇنداق كۆپ مىراسلارنى قالدۇرالمىدى». تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئىلىم ئىشلىرىغا ھامىيلىق قىلغۇچى ئەۋلادلىرى ـ شاھرۇھ، بايسۇنغۇر، ئۇلۇغبېك، ھۈسەيىن بايقارا ۋە زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاخىرقى مەدەنىيەت

ئويغىنىش دەۋرىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم سىياسىي رولىلارنى ئوينىدى. شۇڭلاشقا «تارىخچىلارنىڭ كۆپچىنىڭ بارىچە ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرىنى مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىنى يورۇتۇپ تۇرغان مەرتىۋىلىك جەمەت دەپ مەدھىيەلىشى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك».

نەۋائى مانا مۇشۇنداق بىر دەۋردە دۇنياغا كەلدى. ئۆز دەۋرىنىڭ قويۇق مەدەنىي مۇھىتىدىن ئوزۇق ئالدى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ گۇمانىزىم روھىغا باي ئەسەرلىرى بىلەن 15-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە تېمۇرنى ناھايىتى ئىجابىي باھالىغانىدى. «تېمۇربەگ نەسلىدىن» دېگەن ئىبارە نەۋائى تىلىدا ئۆز زامانىدىشى ئۈچۈن ئەڭ كاتتا ماختاش سۆزى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، تېمۇرىيلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا شەرق مەدەنىيەت ئۇيغىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە تېمۇرىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ دۆلىتىنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى زور بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام شەرقىدە ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن تەڭ مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى(9-13-ئەسىرلەر)نىڭ تەسىرى ئاساسلىق مەنبە بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەۋائى دەۋرىنى پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا 9-ئەسىردىن باشلانغان ئومۇمىي رېنىسسانس (ئەدەبىي ئويغىنىش) دەۋرىنىڭ داۋامى دېيىشكە بولاتتى. يەنە كېلىپ بۇ دەۋر ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئىتالىيەدىن باشلانغان ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشى بىلەن روشەن ئوخشاشلىقلار ھاسىل قىلغانىدى. رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن ۋ.م.ژىرمۇنىسكىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئوتتۇرا ئاسىيا 15-ئەسىردە، يەنى تېمۇرىيلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر راۋاجى جەھەتتىن ئىتالىيەدىكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ۋە ماس كېلىدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى... دېمەك تارىخىي مۇبالىغا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلۇغبەگ زامانىدىكى سەمەرقەنت (15-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى

) ۋە ئەلىشىر نەۋائى زامانىدىكى ھىرات (15-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى) كۆپ جەھەتلەردىن 14-ئەسىردىكى دەسلەپكى ئىتالىيە ئويغىنىش دەۋرىنىڭ شەھەرلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ بوكاچچىئو ۋە پىتراركا دەۋرى، يەنى دەسلەپكى گۇمانىزىمچىلار ۋە رېنىسسانىسنىڭ بىرىنچى رەسساملار دەۋرىدۇر. بۇ يەردە - سەمەرقەنت ۋە ھىراتتا يېڭى دۇنياۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىندى. پەلسەپەۋى ھۆر پىكىر ۋە رېئال ھاياتتىن چوڭقۇر دەرىجىدە لەززەتلىنىش خاھىشى قانات يايدى. ئىلىم ۋە سەنئەت ئالىي مەقسەت بولۇپ قالدى...

دەرۋەقە، نەۋائى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىش ھادىسىسى مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئەڭ پارلاق سەھىپەلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ھالبۇكى، بۇ دەۋر ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تېخى ئىلىم ساھەسىدە يېتەرلىك دەرىجىدە تەتقىق قىلىنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنگە قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى بىلەن ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ تۈپ مەزمۇنى، ماھىيىتى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، تەرەققىيات جەريانى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى ھەققىدە ئەتراپلىق سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ ھال بىزگە نەۋائى دەۋرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ساھەسىدىكى بىر بوشلۇقنى ھېس قىلدۇردى.

شۇنداق، ياۋروپانىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى ئىقلىمى ئىللىق، مەنزىرەسى گۈزەل دۆلەت ئىتالىيەدە ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىلىرى بىخلىنىۋاتقان چاغدا، ئەمىر تېمۇر ئىستىلا قىلغان ئەللەردىكى كۆپلىگەن ئالىم-ئۆلىما ۋە ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي شەھەر سەمەرقەنتكە توپلىنىۋاتاتتى؛ ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالى قىسمىدىكى فىلورىنسىيە، گېنويا، مىلان، پىسا ۋە ۋېنىتسىيە قاتارلىق شەھەرلەردە سودا-سانائەت راۋاجلىنىپ، يېڭىچە مەدەنىي ھايات گۈللىنىشكە باشلىغان دەۋرلەردە، سەمەرقەنت، ھىرات قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى پۈتكۈل ئىسلام شەرقىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلانغانىدى؛ ئىتالىيەدە مىدىچى جەمەتىدىكى ھۆكۈمرانلار فىلورىنسىيە قاتارلىق شەھەرلەردە ئالىم ۋە سەنئەتكارلارغا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد يار-يۆلەكتە بولغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادا

ئەمىر تېمۇر نەسلىدىن بولغان شاھرۇھ، ئۇلۇغبەگ، ھۈسەيىن بايقارا، بـابۇر قاتـارلىق پادىشـاھلار سـەمەرقەنت، ھـرات، دېھلـى ۋە ئـاگرا قاتـارلىق شەھەرلەردە كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلىلىرىگە ھامىيلىق قىلغانـدى؛ ئىتالىيـدە دانتـى، پىتراركـا، بوكـاچچىئو، قاتـارلىق بۈيـۈك ئەدىـبلەر ئـۆز ئىجـادىيىتى ئارقىلىق ياۋروپا گۇمانىزم ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى پەردىسىنى قايرىغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا نەۋائىي، جامى، سەككاكى، لۇتفى قاتارلىق ئەدىبلەر پارس ۋە تـۈركىي تىللىـق ئەدەبىياتىنـىڭ ئـاخىرقى ئـالتۇن دەۋرىنـى مەيـدانغا كەلتۈرگەنىدى؛ ئىتالىيىدە مىكىلانجىلۇ، رافائىل، تىتىئان، لېئوناردو داۋىنچى قاتارلىق سەنئەتكارلار ئۆزىنىڭ ئىنسان قىممىتىگە بولغان چەكسىز ئىزدىنىشى ئىپادىلەنگەن ھەيكەل ۋە ماي بوياق رەسىملىرى ئارقىلىق ياۋرۇپا سـەنئىتىدە يېڭى دەۋر ئاچقان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا كامالىددىن بىھزاد، مەۋلانە مىرەك نەققاش، شاھ مۇزەپپەر قاتـارلىق بىـر تۈركـۈم رەسسـام ۋە نەققاشـلار شـەرق مىنياتۇرا سەنئىتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەنـدى؛ ياۋرۇپـادا كوپېرنىـك، برۇنـو، گالىلېي قاتارلىق تەبئىي پەن ئالىملىرى ئاسمان جىسىملىرىنى ئىلمىي ھالـدا كۆزىتىش ئارقىلىق «يەر مەركەز تەلىماتى»نى ئاغـدۇرۇپ تاشـلاپ غـايەت زور ئاسـترونومىيەلىك بايقاشـلارنى مەيـدانغا كەلتـۈرگەن چاغـدا، ئۇلۇغبەگنىـڭ سەمەرقەنت قىشىدىكى رەسەتخانىسىدا كائىناتتىكى 1008 يۇلتۇزنىڭ ھـالىتى ۋە ھەركىتى تەتقىق قىلىنىپ، شـەرق ئاسترونومىيەسـىدىكى مەشھۇر ئەسـەر «زىجـى جەددى كورەگـانى»(يېڭـى ئاسـترونومىيەلىك جەدۋەل) يېزىلىـپ چىققانـدى؛ ئىتـالىيەدە مەشـھۇر ئىسـتىراتىگىيەچى نىككولـو ماكياۋىللىنىـڭ «ھۆكۈمـدارلار دەسـتۇرى» نـاملىق ئەسـىرى مەيـدانغا كېلىـپ، ياۋروپـادىكى ھەرقايىسـى ئەل سىياسـەتۋازلىرىنىڭ زۆرۈر ئوقۇشـلۇقىغا ئايلانغـان چاغـدا، شـەرقتە نىزامۇلمۇلۈكنىـڭ «سىياسـەتنامە»سـى، ئەمىـر تېمۇرنىـڭ ھەربىـي يۈرۈشـلىرى ۋە ئـۇرۇش تەجرىبەلـىرى جەملەنـگەن «تېمـۇر تـۈزۈكلىرى»، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» نـاملىق تەرجىمەھـال ئەسـىرى بارلىققا كېلىپ، شەرق ھۆكۈمدارلىرىنىڭ سىياسىي دەسـتۇرى سـۈپىتىدە رول ئوينىـدى؛ ياۋرۇپـادا كامپانىلانىـڭ «قۇيـاش شـەھىرى»، توماس مورنىـڭ «ئۇتـوپىيە» نـاملىق ئەسـەرلىرى بارلىققـا كېلىـپ، غەرب خىيـالىي سوتسىيالىزمنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاغدا، ئوتتـۇرا

ئاسىيادا «قۇتادغۇبىلىك»تىن باشلانغان «غايىۋى جەمئىيەت» ئىدىئالى نىزامى گەنجىۋىنىڭ «خەمسە»سى ئارقىلىق نەۋائى دەۋرىگە يېتىپ كەلدى. ھەمدە شەرقچە ئۇتوپىيەنىڭ يۈكسەك تەسەۋۋۇرى نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىسكەندەر سىيمالىدا ئىپادىلەندى.

دەرۋەقە، نەۋائى دەۋرى ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئىجتىمائى ۋە مەدەنىي خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى بىلەن پاراللېللىق ھاسىل قىلغانىدى. خۇددى نەۋائىشۇناسلاردىن ئىززەت سۇلتان كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «نەۋائى-ئۆز پائالىيىتى ۋە ئىجادىي بىلەن ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ نامىتى بەلەن كەلدى. ئۇ ياۋروپا تارىخىدا رېنىسسانس(ئويغىنىش) دەۋرى دەپ ئاتالغان دەۋرگە بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر دەۋرنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسان خەلقلىرى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان زامانىدا ياشىدى ھەمدە ئۆزىمۇ شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ يارقىن ۋەكىللىرىدىن بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى».

15-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سەمەرقەنت ھەر جەھەتتىن شەھەر ھاياتىدىكى يۈكسەك مەنزىرەنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ ھامىيلىقىدا بۇ يەردە ماتېماتىكا، ئاستورونومىيە، تىبابەت ۋە بىناكارلىق ئىلىملىرى تېز تەرەققىي قىلغانىدى. 15-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە ھىرات ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. سەنئەت بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئالىي مۇقامىغا ئايلاندى. بۈيۈك شائىر نەۋائىنىڭ ئەتراپىغا شائىرلار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، رەسساملار، خەتتاتلار، مۇزىكانتلار توپلاندى، ھىرات شەھەر ئاھالىلىرى خۇددىي ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە شەھەر ئاھالىلىرىگە ئوخشاشلا مۇئەييەن كەسىپ، ھۈنەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ئالغا ئىنتىلەتتى، رىئال تۇرمۇشنى، سەنئەتنى سۆيەتتى. خۇددىي بابۇر يازغىنىدەك، ھەركىم بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلسا، شۇ ئىشنى ئاخىرغا يەتكۈزمىگىچە بولدى قىلمايتى. ھىراتتا ئەدەبىيات، ئارخىتېكتۇرا، مىنياتۇرا، خەتتاتلىق، مۇزىكا، قىسقىسى سەنئەتنىڭ پۈتۈن تۈرلىرى ئاجايىپ گۈللىنىشكە ئېرىشكەنىدى. نەۋائى

زاماندашلىرىنىڭ خاتىرەلىرىگە قارىغاندا، پۈتكۈل ھىرات شەھرىدە بىر خىل قويۇق ئەدەبىي كەيپىيات ۋە سەنئەت سېزىمى ھۆكۈم سۈرگەنىدى. ئوردىدا سۇلتاندىن تارتىپ شەھەر كوچىلىرىدىكى ئاۋام خەلققىچە مۇشائىرە سورۇنلىرىغا ئىشتىراك قىلىش، شېئىر يېزىشقا، شېئىر يادلاشقا مەپتۇن بولۇش ھالىتى شەكىللەنگەنىدى. نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە زاماندашلىرىدىن 458 نەپەر ئەدىب، ئالىم ۋە شائىرلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. نەۋائى بىلەن كۆپ قېتىم پۈت تېپىشكەن ھىرات شائىرلىرىدىن بىنائى بىلەن نەۋائى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق چاقچاق بىزنىڭ ھىراتنىڭ ئۇز دەۋرىدىكى قويۇق ئەدەبىي مۇھىتىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ: «بىر شاھمات ئولتۇرۇشىدا ئەلىشىر بەگ پۇتىنى ئۇزاتقانىكەن، بىنائى دېگەن شائىرنىڭ ساغرىسىغا تېگىپ كېتىپتۇ. ئەلىشىربەگ چاقچاق قىلىپ: ‹بۇ نېمە بالا؟ ھىراتتا پۇتۇڭنى ئۇزاتساڭلا چوقۇم بىر شائىرنىڭ ئارقىسىغا تېگىدىغان بولدى› دەپتۇ. بىنائى جاۋابەن: ‹ئەگەر پۇتۇڭنى يىغساڭ، يەنە بىر شائىرنىڭ ئارقىسىغا تېگىدۇ› دەپتۇ».

نەۋائى مانا مۇشۇنداق دەۋردە ياشىدى ۋە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن بىر دەۋر ئىدىئولوگىيەسىنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلاندى.

# تۆتىنچى باب: نەۋائىنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسى

نەۋائىنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسى خۇددى ئۇنىڭ هايات يولىغا ئوخشاشلا بىر مۇرەككەپ جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ 60 يىللىق هايات كەچۈرمىشلىرى جەريانىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ، 15-ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. شۇنداقلا بەدىئىي ئىجادىيەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازاندى.

نەۋائى ئۆز هاياتىدا ساپ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن باشقا، ئىجتىمائى پەنلەرنىڭ هەر قايسى ساهەلىرىدە، يەنى ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيەسى، تىلشۇناسلىق، تارىخ-تەزكىرە، پەلسەپە ۋە تەرجىمە قاتارلىق كۆپلىگەن ساهەلەرگە دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. بۇلاردىن «خەزائىنۇل-مەئانى»(«چاهار دىۋان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، «خەمسە»(«هەيرەتۇل ئەبرار»، «پەرهاد-شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «سەددى ئىسكەندەر» ۋە «سەبئى سەييارە»دىن ئىبارەت بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، «لىسانۇت-تەير»، «هىلالىيە»، «تۇهفەتۇل-ئەفكار»، «هەسبى هال» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى؛ «مەجالىسۇن-نەفائىس»، «مىزانۇل ئەۋزان» قاتارلىق ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلىرىنى؛ «خەمسەتۇل مۇتەهەييىرىن»، «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»، «هالاتى سەيىد هەسەن ئەردەشىر»، «هالاتى پەهلەۋان مۇهەممەد»، «مۇنشەئات»، «ۋەقفىيە»، «تارىخى ئەنبىيا ۋە هۇكەما» قاتارلىق تارىخ ۋە تەزكىرە ئەسەرلىرىنى؛ «مەهبۇبۇل قۇلۇپ» قاتارلىق دىداكتىك ئەسەرلىرىنى؛ شۇنداقلا بىر يۈرۈش تەرجىمە ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. زەهىرىددىن مۇهەممەد بابۇرمۇ نەۋائىنىڭ ئىجادىيەت هاياتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق باهالارنى يازغانىدى:

«ئەلىشىربەگ تەگدىشى يوق ئادەم ئىدى. تۈركىي تىلدا شۇنداق شېئىرلارنى يېزىپتۇكى، ھېچكىم ئۇنىڭچەلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس. ئالتە مەسنەۋى كىتاب نەزم قىلىپتۇ، بەشى ‹خەمسە› تەقلىدىدە تۈزۈلۈپتۇ، بىرى ‹مەنتىقۇت تەيىر› ۋەزنىدە تۈزۈلۈپ، ‹لىسانۇت-تەيىر› دەپ ئاتىلىپتۇ. ‹غەرايىببۇس-سىغەر› ، ‹نەۋادىرۇش-شەباب› ، ‹بەدائىيۇل-ۋەسەت› ۋە ‹فەۋائىدۇل-كىبەر› نامىلىرىدا تۆت غەزەلىيات دىۋانى تۈزۈپتۇ. ياخشى روبائىياتمۇ بار. بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى ئەسەرلىرى بار. لېكىن ئۇلار يۇقىرقى ئەسەرلىرىگە قارىغاندا تۆۋەنرەك ۋە سۇسراق يېزىلىپتۇ. ئەسەرلىرىنى مەۋلانا جامىغا تەقلىد قىلىپ توپلاپتۇ. قىسقىسى، ھەركىمگە ھەرخىل ئىشلار ئۈچۈن يازغان خەتلىرىنى يىغىپتۇ. يەنە ‹مىزانۇل-ئەۋزان› ناملىق ئارۇز يېزىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ تەنقىدكە تېگىشلىك تەرىپى كۆپ... فارسى نەزمىدە ‹فانى› تەخەللۇسلىنى قوللىنىپتۇ. بەزى بېيىتلىرى يامان ئەمەس، لېكىن كۆپچىلىكى سۇس ۋە تۆۋەندۇر. مۇزىكىدا ياخشى نەرسىلەرنى يارىتىپتۇ...» .

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىشى ناھايىتى كىچىك چاغلىرىدا باشلانغان، شائىر ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن-نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە، ئۈچ-تۆت ياش چاغلىرىدا ئاتىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇشائىرە ئولتۇرۇشلىرىدا قاسىم ئەنۋارىنىڭ بىر كۇپلېت پارسچە غەزىلىنى يادقا ئوقۇپ كۆپچىلىكنى ھەيرەتتە قالدۇرغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. نەۋائى تەخمىنەن 14-15 ياشلارغا كىرگەن چاغلىرىدىلا ئۆزىنىڭ دەسلەپكى چۈچۈك شېئىرلىرى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغان. مەشھۇر شائىر لۇتفى خېلى ياشىنىپ قالغان چاغلىرىدا نەۋائىنىڭ قابىلىيىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن.

تارىخچى خاندەمىر بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «مەۋلانە لۇتفى سۆز لۇتفىدە يېگانەيى دەۋران ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم تۈركىي تىلدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئېيتالمىغان. ئالىيھەززەت نەۋائى ئەمدىلا يېتىلىپ، يىگىتلىك دەۋرى باشلانغان پەيتلەردە، بىر كۈنى لۇتفى خىزمەتىغە باردى. لۇتفى: ‹نازۇك پىكىرلىرىڭىزنىڭ نەتىجىلىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر غەزەلنى ئوقۇش بىلەن بىزنى بەھرىمەن قىلسىڭىز› دەپ ئىلتىماس

قىلدى. ئۇل ھەزرەت (نەۋائى) بىر غەزەل ئوقۇدىكى، ئۇنىڭ مەتلەئى مانا بۇدۇر:

ئارەزىن ياپغاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش،
بۇئىلەكىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قۇياش.
(ئۇ جامالىنى يوشۇرۇشى بىلەنلا كۆزۈمدىن ھە دەپ ياشلار قۇيۇلىدۇ.
گويا قۇياش پاتقاندا يۇلتۇز پەيدا بولغانغا ئوخشاش)

مەۋلانە جانابلىرى بۇ ئوتلۇق غەزەلنى ئىشىتىش بىلەن، ھەيرەت دېڭىزىغا چۆمۈپ، شۇنداق دېدى: ‹ۋەللاھ، ئەگەر مۇيەسسەر بولسا ئىدى، ئۆزۈمنىڭ ئون-ئىككى مىڭ فارسى ۋە تۈركىي بېيىتىمنى شۇ غەزەلگە تېگىشەر ئىدىم ۋە بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلار ئىدىم› ».

نەۋائى يىگىتلىك چاغلىرىدىن تارتىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا زور ئىجتىھات بىلەن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازدى. كېيىنچە ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق لىرىك شېئىرلىرىنى توپلاپ «خەزائىنۇل-مەئانى»(مەنەلەر خەزىنىسى) نامى بىلەن دىۋانلار تۈزدى. شائىرنىڭ تۈركىي تىلدا يازغان لىرىك شېئىرلىرى جەمئىي 44 مىڭ 901 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلار تۆت دىۋانغا ئايرىلغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «چاھار دىۋان» دەپ ئاتاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ پارس تىلىدا يازغان بىر مۇنچە غەزەللىرى «دىۋانى فانى» نامى ئاستىدا ئايرىم توپلانغان. بۇلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا نەۋائىنىڭ لىرىك غەزەللىرىنىڭ 50 مىڭ مىسرادىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم.

«خەزائىنۇل-مەئانى» نەۋائىنىڭ ياش ۋاقتىدا تۈزگەن ئىككى دىۋانىغا كېيىن يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى قوشۇپ جۇغلىغان چوڭ تىپتىكى غەزەللەر توپلىمى بولۇپ، شائىر 50 ياشتىن ئاشقان چاغلىرىدا رەسمىي تۆت دىۋان قىلىپ تۈزۈلگەن. شائىر مەزكۇر دىۋانىنى تۈزۈشتە شەرق ئىسلام شېئىرىيىتىدىكى دىۋان تۈزۈش ئەنئەنىسىدىن ئىجادىي يوسۇندا پايدىلىنىپ،

ئۆزىنىڭ تۇركىي تىلدىكى لىرىك شېئىرلىرىنى ۋاقىت ۋە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن تۆت دىۋانغا ئايرىغان ھەمدە ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم نام بەرگەن.

ئەلىشىر نەۋائى ئىنسان ئۆمرىنى بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىگە تەدبىقلاپ، ئۆز ھاياتىدا يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى مۇنداق قانۇنىيەت بويىچە تۆت دىۋانغا ئايرىپ چىققان:

(1) يەتتە-سەككىز ياشتىن يىگىرمە ياشقىچە بولغان دەۋرنى «بالىلىق چاغلىرى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى «ئۆمۈر پەسىللىرىنىڭ نەۋ باھارى ۋە ھايات گۈلشەنىنىڭ گۈلزارى» دەپ تەرىپلىگەن. ھەمدە بۇ مەزگىلگە بېغىشلىغان شېئىرلىرىنى «غەرايىبۇس-سىغەر»(بالىلىق غارايىبلىرى) دىۋانىغا كىرگۈزگەن؛

(2) يىگىرمە ياشتىن ئوتتۇز بەش ياشقىچە بولغان دەۋرنى «يىگىتلىك زامانى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى «ئۆمۈرنىڭ ياز پەسلى ۋە يىگىتلىك بۇلىقى» دەپ سۈپەتلىگەن. ھەمدە مۇشۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىنى «نەۋادىرۇش-شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) دىۋانىغا توپلىغان؛

(3) ئوتتۇز بەش ياشتىن قىرىق بەش ياشقىچە بولغان دەۋرنى «ئوتتۇرا ياشلىق كۈنلىرى» دەپ قىياس قىلىپ، ئۇنى «ئۆمۈرنىڭ خازان پەسلى، يەنى تىرىكلىك بېغىنىڭ يوپۇرماق تاشلايدىغان چېغى» دەپ تەرىپلەيدۇ. ھەمدە مۇشۇ مەزگىلگە بېغىشلىغان شېئىرلىرىنى «بەدائىيۇل-ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) دىۋانىغا كىرگۈزىدۇ؛

(4) قىرىق بەش ياشتىن ئاتمىش ياشنىڭ ئەتراپىغىچە بولغان دەۋرنى «ئۆمۈرنىڭ قىش پەسلى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى «ئىنساننىڭ ئەدەم (يوقلۇق) يولىغا كىرىپ، زامان ئەھلى بىلەن خەيرلىشىدىغان ۋاقتى» دەپ تەرىپلەيدۇ. ھەمدە بۇ ھەقتە دۇئا تەرىقىسىدە يازغان شېئىرلىرىنى «فەۋائىدۇل-كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دىۋانىغا توپلايدۇ.

مەزكۇر دىۋان يەنە شەرق ئەدەبىياتىدىكى دىۋان تۈزۈش ئەنئەنىسى بويىچە، ھەربىر دىۋانغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ قاپىيەلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن. «چاھار دىۋان»دىكى شېئىرلار غەزەل، مەسنەۋى، قەسىدە، رۇبائى، قىتئە، ساقىنامە قاتارلىق ئارۇز ۋەزنىنىڭ 16 خىل ژانىرىدا يېزىلغان.

«خەزائىنۇل-مەئانى»غا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلارنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، شائىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئادالەت قاراشلىرى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق نۇقتىئىنەزەرلىرى، شۇنىڭدەك كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزەلىرى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. شائىرنىڭ ئىدىيەسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسى غەزەللەردىكى «ئىشق» ماۋزۇسىغا ياندىشقان ھالدا سىمۋولىستىك ۋاستەلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يۈكسەك شېئىرىي كەڭلىكتە ئىپادە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائى ئۆزىنىڭ لىرىكىلىرىدا تۈركىي ۋە پارس شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شېئىرىي تىل ئىمكانىيەتلىرىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپەۋى مەنەلەرنى ئىپادىلەشتىكى چەكسىز مۇمكىنچىلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز دەۋرىنىڭ رىئاللىقىغا ھەمنەپەس بولغۇچى شائىر سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي غايەلىرىنى، ئاۋام خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، شۇنىڭدەك 15-ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ رىئال مەسىلىرىنى دادىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «خەزائىنۇل-مەئانى» نامى ئاستىدا توپلانغان نەۋائى لىرىكىلىرى ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپەۋى مەزمۇنى ۋە يۇقىرى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن شائىر ئىجادىنىڭ يۇقۇرى پەللەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

1483-يىلىدىن 1485-يىللىرى ئارلىقىدا نەۋائى ئۆزىنىڭ چوڭ تىپتىكى داستانلار توپلىمى «خەمسە»نى يېزىپ چىقتى ھەمدە زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

نەۋائى دەۋرىگە قەدەر، شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىدا «خەمسە» يېزىش دولقۇنى بىر مۇھىم ئەنئەنەگە ئايلانغانىدى. «خەمسە» ئەرەب تىلىدىكى

«بەش، بەشلىك» سۆزىدىن كېلىپ چىققان ئاتالغۇ بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدا ئەنئەنەۋى سيۇژىتلارغا ئىگە مۇستەقىل بەش داستاندىن تەركىب تاپقان توپلام «خەمسە» دەپ ئاتىلاتتى. 12ـ ئەسىردە ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋى پارس تىلىدا بەش داستاندىن تەركىپ تاپقان تۇنجى «خەمسە»نى يېزىپ چىقتى. ھەمدە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقتىكى ئاتاقلىق شائىرلار ئارىسىدا نىزامىنىڭ «خەمسە»سىگە تەقلىد قىلىپ «خەمسە» يېزىش ياكى ئۇنىڭدىكى ئايرىم داستانلارغا نەزىرە يېزىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ۋە قەلەم قۇۋۋىتىنى «خەمسە» يېزىش ئارقىلىق ئۆلچەيدىغان ۋە سىنايدىغان بولدى. نىزامىدىن كېيىن شەرقتىكى كۆپلىگەن شائىرلار «خەمسە» يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى نىزامىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىگە يېتەلمىدى. 14ـ ئەسىرگە كەلگەندە شىمالى ھىندىستاندا ياشىغان مەشھۇر شائىر ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى نىزامىنىڭ يولىدىن مېڭىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «خەمسە» يېزىپ چىقتى.

نەۋائى دەۋرىگە كەلگەندە شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسەچىلىك ئەنئەنەسى خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى. ھەمدە «خەمسە» يېزىشتا مول تەجرىبەلەر جۇغلاندى. نەۋائىنىڭ زاماندىشى ۋە ئۇستازى پارس ۋە تاجىك مۇتەپەككۇرى ئابدۇراھمان جامى نەۋائىدىن سەل بالدۇرراق «خەمسە» يېزىشقا تۇتۇش قىلدى. جامى دەسلەپ خەمسەچىلىك ئەنئەنەسى بويىچە بەش داستاننى يېزىپ چىقتى. كېيىن يەنە ئۇنىڭغا باشقا ئىككى داستاننى قوشۇپ «يەتتىلىك»كە يەتكۈزدى ۋە ئۇنىڭغا «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە خەزىنە) دەپ نام بەردى.

نەۋائى ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى «خەمسە»سىنى يېزىشتا ئۇستازى ئابدۇراھمان جامىنىڭ كۈچلۈك مەدەت بېرىشىگە ئېرىشتى. شۇنداقلا شەرق ئەدەبىياتىدىكى «خەمسەچىلىك» ئەنئەنەسىنىڭ مول تەجرىبەلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى قاتارلىق مەشھۇر خەمسەنەۋىسلەرنى (خەمسە يازغۇچىلارنى) ئۆزىنىڭ غايىۋى ئۇستازى

ھېسابلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ تۈركىي تىلدا «خەمسە» ياراتماقچى بولدى:

كىمكى بۇ يول ئىچرە ئۇلار سالدى غەم،
ھەرنەچە غەم ئولسا ماڭا ئول ھەم خىرەم.
فارسىي ئولدى چۇ ئۇلارغا ئەدا،
تۈركىي ئىلە قىلسام ئانى ئىبتىدا.
فارسىي ئەل تاپتى چۇ خۇرسەندلىغ،
تۈركىي داغى تاپسا بەرۇمەندلىغ.
يول دېسە بۇ يولدا نىزامى يولۇم،
قول دېسە خۇسرەۋ بىلەن جامى قولۇم.

نەۋائى يەنە ئۆزىنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى ئايرىم داستانلىرىنى يېزىشتا ئۆزىدىن ئىلگىرى مۇشۇ تېمىلاردا داستان يازغان شائىرلارنىڭ مۇبارەك نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ: « ‹خەمسە› يېزىشقا تۇتۇش قىلغىنىمدا، ‹ھەيرەتۇل-ئەبرار› (ياخشى كىشىلەر ھەيرانلىقى) بېغىدا تالانتىم گۈللىرى ئېچىلدى. شەيخ نىزامى روھى ‹مەخزەنۇل-ئەسرار› (سىرلار خەزىنىسى)دىن بېشىمغا دۇرلار چاچتى؛ يەنە تەپەككۇرۇم ‹فەرھاد-شېرىن› كېچىسىگە يۈزلەنگەندە، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى ‹شېرىن-خۇسرەۋ› ئوتى بىلەن چىرىغىمنى يورۇتتى؛ يەنە ئىشقىم ‹لەيلى-مەجنۇن› ۋادىسىغا قەدەم قويغىنىمدا، ھاجۇنىڭ ھىممىتى ‹گەۋھەرنامە› سىدىن ماڭا گۆھەرلەر يەتكۈزۈپ بەردى؛ يەنە دىلىم ‹سەبئەئى سەييار› كۆزەتمىسىگە باغلانغاندا، ئەشرەف ئۆزىنىڭ ‹ھەفت پەيكەر› (يەتتە گۈزەل)دىكى يەتتە ھۆرنى خىزمىتىمگە ئەۋەتتى؛ يەنە خاتىرەم بىناكارى ‹سەددى ئىسكەندەر› ئۇلىنى سالغاندا، ھەزرەتى مەخدۇم (ئابدۇراھمان جامى) ‹خىرەدنامە› (ئەقىلنامە)سىدىن ئىسلاھ ۋە مەددە ناغرىسىنى چالدى».

نەۋائىغىچە بولغان «خەمسە» داستانلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، پارس تىلىدا ئەسەر يېزىش بىر مودىغا ئايلانغانىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇز دەۋرىدە، «خەمسە»نى پەقەت پارس تىلى بىلەنلا يازغىلى ۋە بەدىئىي يۇكسەكلىككە يەتكۇزگىلى بولىدۇ، تۇركىي تىلىدا «خەمسە» ياراتقىلى بولمايدۇ. دېگەن قاراش بار ئىدى. شۇڭا نەۋائى يۇكسەك ئىشەنچ بىلەن تۇركىي تىلىدىمۇ «خەمسە» ياراتقىلى ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارىدى ۋە قولىغا قەلەم ئالدى:

گەر نۇكتەلەرى جاھاننى تۇتتى،
غەۋغالار ئىنسۇ-جاننى تۇتتى.
چۇن فارسى ئەردى نۇكتە شەۋقى،
ئازراق ئىدى ئاندا تۇركىي زەۋقى.
ئۇل تىل بىلە نەزم بولدى مەلغۇز،
كىم فارسى ئاڭلار ئۇلدى مەھزۇز.
مەن تۇركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھېكايەت.
كىم چۇن شۆھرەتى جەھانغە تولغاي،
تۇركىي ئېلى داغى بەھرە ئالغاي.

شۇنداق قىلىپ، نەۋائى ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت (ئەمەلىي قەلەم تەۋرەتكەن ۋاقتىنى ھېسابلىغاندا، ئالتە ئاي) ئىچىدە تۇركىي تىلى بىلەن 53 مىڭ مىسرالىق داستانلار تويلىمى «خەمسە»نى يېزىپ چىقتى ھەمدە زور شۆھرەت قازاندى. ئابدۇراھمان جامى ئۇز دەۋرىدىلا نەۋائىنىڭ تۇركىي «خەمسە»سىگە يۇقىرى باھا بېرىپ: «نەۋائىنىڭ تۇركىي تىلى بىلەن ‹خەمسە› يېزىشى، پارسگۇيلار (پارس تىلىدا ئەسەر يازغانلار) ئۇچۇن زور بەختتۇر، ئەگەر نەۋائىمۇ ئۇز ‹خەمسە› سىنى پارسچە يازغان بولسا ئىدى، بىزلەرگە سۆز ئېيتىشقا ماجال قالمىغان بولاتتى» دەپ يازىدۇ.

نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى شەرق ئەدەبىياتىدىكى خەمسەچىلىك ئەنئەنەسى تارىخىدا بۈيۈك بىر ئابىدە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە 15-ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ھاسىل قىلدى. نەۋائىدىن كېيىن كۆپلىگەن تۈركىي تىللىق شائىرلار نەۋائىنى ئۇستاز ھېسابلاپ، ئۇنىڭ «خەمسە»سى ۋە «خەمسە» تەركىبىدىكى ئايرىم داستانلارغا تەقلىد قىلىپ نەزىرەلەر يازدى. «خەمسە» تەركىبىدىكى ئەنئەنەۋى مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ سيۇژىتلىرىنى يېڭىچە ۋارىيانتلار بىلەن بېيىتتى ۋە ئاممىبابلاشتۇردى.

نەۋائىي «خەمسە»سىنىڭ بىرىنچى داستانى «ھەيرەتۇل-ئەبرار» بولۇپ، جەمئىي 63 ماقالات، 7946 مىسرادىن تۈزۈلگەن. داستاندا شائىرنىڭ پەلسەپەۋى ئىدىيەسى، ئىجتىمائىي غايەسى ۋە ئىنسان، جەمئىيەت دۆلەت، ئادالەت، ئەدەب-ئەخلاق ھەققىدىكى قاراشلىرى شەرق شېئىرىيىتىگە خاس دىداكتىك(پەند-نەسىھەت) ئۇسلۇبى ۋە مەسەل قىلىش يولى بىلەن بايان قىلىنغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «ھەيرەتۇل-ئەبرار» داستانىنى شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجتىمائىي غايەلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

«خەمسە»نىڭ ئىككىنچى داستانى «فەرھاد-شېرىن»، ئۈچىنچى داستانى «لەيلى-مەجنۇن»، تۆتىنچى داستانى «سەبئەئى-سەييار» قاتارلىقلار خەمسەچىلىكتىكى ئەنئەنەۋى مۇھەببەت سيۇژىتلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى ئىچىدىكى بەدىئىي سەۋىيەسى ئەڭ يۇقىرى، ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتى ئەڭ چوڭ، سېھرىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. نەۋائىي بۇ داستانلارنى يېزىشتا، ئالدى بىلەن شەرقتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئاشىق-مەشۇقلار ھەققىدىكى مۇھەببەت ھېكايەلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ سيۇژىتلىرىدىن ئىجادىي ئۆرنەك ئالغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئاشىق-مەشۇقلار ھەققىدىكى يەرلىك ۋارىيانتلارنىمۇ ئەسەر سيۇژىتىغا ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇپ،

ھەم دۇنياۋى، ھەم مەھەللەۋى پۇراقتا ئىگە تۈركىي تىلدىكى مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ يۇقۇرى ئۆلگىسىنى ياراتتى... «فەرھاد-شىرىن» داستانىدا قولغا كەلگەن ئاجايىپ يۈكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتمۇ دەل شۇنىڭ جۇملىسىدىندۇر.

نەۋائىي «خەمسە»سىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى داستانى «سەددى ئىسكەندەرىي» بولۇپ، شائىر شەرق ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەين(ئالېكساندىر ماكېدونىسكى)نىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسى ۋە ئىجتىمائى غايەسىنى ئىپادە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسكەندەر ھەققىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك سيۇژىتلىرىدىنمۇ ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ شەرقچە ئۇتوپىيەك جەمئىيەت غايەسىنى ئىسكەندەر سىيپىلىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

نەۋائىي ئۆزىنىڭ ساپ بەدىئىي ئەسەرلىرىدىن باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ كۆپلىگەن ساھەلىرىدە يىرىك ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ «خەمسە»دىن كېيىن يازغان يەنە بىر موھىم ئەسىرى «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم»(ئىران شاھلىرىنىڭ تارىخى)دۇر. بۇ ئەسەر 1488-يىلى يېزىلغان بولۇپ، تارىختىن بۇيانقى ئىران شاھلىرىنىڭ خرونىكسىنى تۈر غۇزۇپ چىققان. ھەربىر پادىشاھنىڭ تەرجىمىھالىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى ۋە خاتالىقلىرىغا باھا بەرگەن. ھەممە ئىران تارىخىنىڭ دەسلەپكى سىستىمىسىنى تۈرغۇزۇپ چىققان. نەۋائى بۇ ئەسىرىنى يېزىشتا «تارىخى تەبەرىي» بىلەن ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىدىن ئۆرنەك ئالغانلىقىنى تىلغا ئالدۇ. نەۋائىي يەنە ئىران شاھلىرىنىڭ رويخېتىنى تۈرغۇزغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي-تۇران خەلقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ بايان قىلدۇ.

نەۋائىي يەنە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە سەنئەت نەزەرىيەسىگە دائىر ئەسەرلەرنىمۇ يازدى. بۇلاردىن «مىزانۇل-ئەۋزان»(ۋەزىنلەر مىزانى) ۋە «ئارۇزى تۈركىي» قاتارلىق ئەسەرلىرى ناھايىتى

زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ 1491 ـ يىلى يازغان «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»(گۈزەللەر مەجلىسى) ناملىق ئەسىرى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئەسەردە شائىر ئۆزىدىن بۇرۇن ياشىغان ۋە ئۆزىگە زاماندىش بولغان 458 نەپەر شائىر ۋە ئەدىب ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. نەۋائى ھەربىر ئەدىب ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ۋە قىسقىچە تەرجىمەھالىدىن باشقا، ۋەكىللىك شېئىرلىرىدىن نەمۇنەلەر كەلتۈرىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە كونكرېت باھا بېرىدۇ. بەزى جايلاردا شېئىر ئىجادىيىتىگە ئائىت بەزى نەزەرىيە ۋە قانۇنىيەتلەرنىمۇ قىسقىچە بايان قىلىدۇ. نەۋائى يەنە ئۆزى تونۇشتۇرغان 458 نەپەر ئەدىب ئىچىدە ئاران 35 كىشىنىڭلا تۈركىي تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ. قىسقىسى، نەۋائىنىڭ بۇ ئەسىرى ئەينى چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي ھاياتى ھەمدە پارس ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە، تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

نەۋائىنىڭ 1499 ـ يىلى يازغان «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين»(ئىككى تىل مۇھاكىمەسى) ناملىق ئەسىرى تىلشۇناسلىققا بېغىشلانغان مۇھىم ئەسەردۇر. شائىر ئەسەردە پارس تىلى بىلەن تۈركىي تىلنى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ھەمدە بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادە مۇمكىنچىلىكى نۇقتىسىدىن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي تىلنىڭ ئەۋزەللىك تەرەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھەمدە تۈركىي تىلدىمۇ پارس تىلىغا ئوخشاشلا گۈزەل ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شائىر ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن تۈرك خەلقىنىڭ خۇش تىللىرىغا بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردىم، ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆز تىلىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدى ۋە پارسگۈيلارنىڭ تىل جەھەتتىكى تاپا ـ تەنەلىرىدىن قۇتۇلدى. ئۇلار مېنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن بۇ يوشۇرۇن ئىلىمنى يورۇقلۇققا چىقارغانلىقىمنى بىلگەندە، ئۇلاردىن ئۈمىدىم شۇكى، پېقىرنى خەيرلىك دۇئالىرىدا ئەسلەپ قويسا ۋە روھىمنى شاد قىلسا».

دەرۋەقە، نەۋائى بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى پارس تىلىغا قارا ـ

قويۇق چوقۇنىدىغان ئەھۋال ئاستىدا تۈركىي تىلنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئىمكانىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلاندى.

1499 ـ يىلى نەۋائى يەنە كىچىكىدىن باشلاپ قەلبىگە پۈكۈپ كەلگەن، تەسەۋۋۇپ ئىدىيەلىرى بايان قىلىنغان مۇھىم ئەسىرى «لىسانۇت ـ تەير»(قۇشلار تىلى)نى يېزىپ چىقتى. شائىر خۇددى مەزكۇر ئەسىرىنىڭ باش قىسمىدا تەكىتلىگەندەك، بالا چاغلىرىدا مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى شائىر پەرىدىددىن ئەتتار(1145 ـ 1229)نىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى قۇشلار تىلى ئارقىلىق بايان قىلغان «مەنتىقۇت ـ تەير»(قۇشلار نۇتقى) ناملىق ئەسىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇ بۇ خىل تەسىرنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. ھەمدە ئۇزىمۇ مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىشنى قەلبىگە پۈكىدۇ. ئەڭ ئاخىر ئۆمرىنىڭ خاتىمىسىدە بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ. شائىر داستاندا مەسەل ئۇسلۇبىدىن پايدىلىنىپ، بىر توپ قۇشلارنىڭ ھۆپۈپنىڭ باشچىلىقىدا جاپالىق سەپەرنى بېسىپ، قۇشلارنىڭ پادىشاھى سۇمرۇغنى ئىزدەش جەريانىنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنى بايان قىلىدۇ.

نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، يەنى 1500 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇپ»(كۆڭۈللەر دوستى) ناملىق نەسرىي ئەسىرىنى يازدى. بۇ ئەسەر شائىرنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھايات مۇساپىسىنىڭ يەكۈنى، تۇرمۇش تەجرىبەلىرىنىڭ جۇغلانمىسى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ خۇلاسەسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. نەۋائى ئەسەردە ئۆزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

گەھى تاپتىم فەلەكتىن ناتەۋانلىق،
گەھى كۆردۈم زاماندىن كامرانلىق.
بەسى ئىسسىغ ـ سوغۇق كۆردۈم زەماندا،
بەسى ئاچچىغ ـ چۈچۈك تاپتىم جەھاندا.

نەۋائى بۇ ئەسىرىدە مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىدىكى ماقالاتچىلىقنىڭ ئەنئەنەلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ فولكلور ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مەسەل ۋە ھېكمەتلىك ھېكايەلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھايات قارىشى، ئىجتىمائى ئەخلاق چۈشەنچىلىرى ۋە ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى بايان قىلىدۇ. «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇپ»نىڭ تىلى ئاددىي، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئۇسلۇبى ئاممىباب بولغاچقا، ئاۋام خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، بەزى بايانلىرى خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە ھېكمەتلىك ھېكايەتلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن.

يىغىنچاقلىغاندا، ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئەسەرلىرى، ئىلغار گۇمانىزملىق ئىدىيەسى ۋە ئىجتىمائى غايەلىرى بىلەن 15 ـ ئەسىر تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىلى بولۇپ قالدى.

# بەشىنچى باپ: نەۋائى ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي ئۈتۈقلىرى

نەۋائى ئۆز ھاياتىدا ساپ بەدىئىي ئىجادىيەتتىن باشقا، ئۆز دەۋرىدىكى مەۋجۇت پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئەسەرلەر يازغانىدى. ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق، تارىخ، سەنئەت نەزەرىيەسى، ئەدەبىياتشۇناسلىق، مۇزىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىلمىي نەتىجەلىرىمۇ زاماندашلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەنىدى.

نەۋائى مىللىيەتلىك نۇقتىسىدىن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ شائىرى ئىدى. ئۇ ئۆز مىللىتىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭلاشقا ئەسەرلىرىدىكى مىللىي روھ ئارقىلىق يەنە ئۆز مىللىتىگە قايتقان شائىر ئىدى. ئەمما نەۋائىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى، ئىجادىيەت مېتودى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۇنى ئۆز مىللىتىنىڭ پاسىلىدىن ھالقىپ چىققانىدى. ئۇ ئەدەبىي ئۆيغىنىش دەۋرىدىكى سەنئەتكارلارغا خاس گۇمانىزملىق روھ بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ماكان ۋە زامان چەمبىرەكلىرىدىن ھالقىپ چىققانىدى ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ شائىرىغا ئايلانغانىدى.

نەۋائى گەرچە ھەممە ساھەدە قەلەم تەۋرەتكەن ئىنسىكلوپېدىك ئەدىب بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن بەدىئىي شېئىرىيەتكە تەئەللۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەسىرلەر بويى خەلق قەلبىدە ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد يادلىنىشتىن بۇرۇنلا، ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىي سىناقلىرىدىن ئۆتكەنىدى. شۇڭلاشقا ھىندىستاننى فەتھ ئەتكەن بابۇرنىڭ: «ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك كۆپ ھەم ياخشى يازغان ئەمەس» دېيىشى؛ مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ۋە ئۇنىڭدىن

كېيىن ھېچكىم تۈركىي تىلدا شېئىرنى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋە ئۇنىڭدىن يۈكسەكرەك يازالىغان ئەمەس. نەۋائى بۇ ھۈنەردە ئۇستازدۇر» دەپ يېزىشى ئەجەپلىنەرلىك بولمىسا كېرەك.

ئۆز دەۋرىدىكى خۇراسان دۆلىتىنىڭ پادىشاھى، نەۋائىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ساۋاقدىشى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۆزىنىڭ «رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «... ۋە لېكىن گۈزەل مەنىلەر كېلىنچەكلىرىگە بۇ كۆڭىلچە ھېچكىم تۈركانە كىيىم كىيگۈزمىگەن ۋە ئۇ نازىنىنلارنى بۇ گۈزەل سەرپايى بىلەن بېزەپ يورۇقلۇققا چىقارمىغانىدى. مۇشك ھىدلىق گۈزەل گۈللەر قابىلىيەتلىك يۈرەكلەرنىڭ يوشۇرۇن جايلىرىدا يالاڭاچ پېتى ئۈيۈلۈپ ياتقانىدى. شۇنداقلا بۇ ھۆر قىياپەتلىك زىبالار كىيىمسىزلىكتىن ناز بىلەن جىلۋە قىلالمىغان ئىدى. تا بۇ بەختىيار زاماندا ۋە قۇتلۇق دەرۋاندا...ھەق سۆز ئېيتىشنىڭ قەھرىمانى، يەنى نەۋائى تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر بىر ئەلشىر تۈركىي تىلنىڭ ئۆلگەن جەسىتىگە مەسىھ نەپىسى بىلەن روھ-جان كىرگۈزدى ۋە ئۇنىڭغا تۈركىي سۆز يىپەكلىرىدىن توقۇلغان قىممەت باھا ھەم نەپىس كىيىملەرنى كىيگۈزدى. سۆز گۈلىستانىدا نەۋائىنىڭ نەۋباھار ئىستىداتىدىن قان بېغىشلىغۇچى يېغىنلار يېغىپ، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلدى. ئۇ يەنە نەزم دەرياسىغا ئۆزىنىڭ پىكىر بۇلۇتلىرىدىن جان بەخش ئەتكۈچى تامچىلار ياغدۇرۇپ، خىلمۇ-خىل دۇرلار چاچتى. ئۇ ھەربىر شېئىر تۈرى مەيدانىغا چاپقۇر ئېتىنى سۈرۈپ كىرىپ، ئاشۇ مەملىكەتنى تىل قىلىچى بىلەن ئۆزىگە بوي سۇندۇردى. ئۇنىڭ نەزمىلىرىنى ماختاشقا تىل نۇقسانلىق قىلۇر ھەمدە قەلەم ئاجىزلىق قىلۇر...».

نەۋائى ئالدى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا لىرىك شېئىرلار ئىجادىيىتىنىڭ يۇقۇرى ئۆلگىسىنى ياراتتى. نەۋائىغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا بەدىئىي ئەدەبىياتىدا، گەرچە «قۇتادغۇبىلىگ»تىن باشلانغان تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت مەلۇم ئەنئەنەگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن پارس شېئىرىيىتىنىڭ زەنجىرسىمان دولقۇنى ۋە بەدىئىي زىلزىلىسى خېلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەنىدى. بولۇپمۇ ھافىز شىرازىنىڭ لىرىك

شېئىرىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئابرۇيىنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەنىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خېلى بىر قىسىم تۈركىي تىللىق ئاپتورلار ئارىسىدىمۇ تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتنىڭ ئىستىقبالىغا گۇمان بىلەن قارايدىغان، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولىدىغان كەيپىيات شەكىللەنگەنىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە سەمەرقەنت، ھىراتنى مەركەز قىلغان ئاخىرقى مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتىنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە شارائىت ھازىرلىدى. نەۋائى دەۋرىگە قەدەر لۇتفى، سەككاكى ۋە ئاتايى قاتارلىق «تۈركىگۇي» شائىرلار تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنى قايتا گۈللەندۈرۈش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىقلار كۆرسەتكەنىدى. ئەمما نەۋائىنىڭ دۇنياغا كېلىشى تۈركىي تىللىق شېئىرىيىتىنىڭ ھەقىقىي زىلزىلىسىنى نامايەن قىلدى. ھەمدە تۈركىي تىللىق شېئىرىيىتىنىڭ «ئۆلگەن جىسمىغا مەسىھ نەپىسى بىلەن روھ-جان كىرگۈزدى». ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل-مەئانى» نامى ئاستىدا دىۋان قىلىپ تۈزۈلگەن 53 مىڭ مىسراغا يېقىن غەزەللىرى تۈركىي تىلىدىكى لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى نەمۇنەسىنىياراتتى. نەۋائى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىلىدىكى شېئىرىيىتىنىڭ 500 يىللىق ئىجادىيەت تەجرىبەلىرىنى يەكۈنلەپ، ئەرەپ-پارس شېئىرىيىتىنىڭ پوئېتىك قانۇنىيەتلىرى ۋە بەدىئىي ماھارەتلىرىدىن ئىجادىي ھالدا پايدىلىنىپ، ئۆزىگە خاس شېئىرىي سىستېما ياراتتى. شۇڭلاشقا نەۋائىشۇناسلارنىڭ «نەۋائى پوئېتىكىسى» دېگەن خاس نامنى قوللىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئەرەپ-پارس شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ تۈرلۈك ژانىر ئىمكانىيەتلىرىنى تۈركىي تىلدىكى شېئىرىيەتنىڭ ئىپادە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. ئۇ ئىجادىيەتتە شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ژانىرلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى يازدى ھەمدە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدە، ۋەزىن بىلەن شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ جىپسىلىشىدا ئالاھىدە ماھارەت ياراتتى. بۇنىڭ بىلەن نەۋائى لىرىكىلىرى شۇ چاغقىچە كەم

ئىشلىتىلگەن ياكى يېڭىلىق بولغان ۋەزنلەرنىڭ تۈركىي تىلدىكى شېئىرىيىتىگە ئۆزلىشىشىگە ۋاستە بولدى. نەۋائىي ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرىيىتىدە ـ غەزەل، روبائىي، قىتئە، ساقىنامە، مۇستەھزاد، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، تەرجىبەند، تەركىببەند، قەسىدە، مەسنەۋى، مۇئەمما، لۇغىز(تېپىشماق)، تۇيۇق، فەرد قاتارلىق 16 خىل ژانىرنى قوللاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ژانىرلارنى قوللىنىشتىكى خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتىدا بەدىئىي ژانىرلارنى راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى. لىرىك شېئىرلاردىن دىۋان تۈزۈشتە ئەرەب-پارس شېئىرىيىتىدىكى ھەرپلەر تەرتىپى بويىچە تىزىش ئەنئەنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدىكى 28 ھەرپلىك ئەندىزەنى تۈركى تىللىق شېئىرىيەتنىڭ 32 ھەرپلىك ھالىتىگە ماسلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، نەۋائىي كىلاسسىك ئەرەب-پارس شېئىرىيىتىنىڭ بىر مۇنچىلىغان نەزەرىيەۋى پرىنسىپلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئۆزىدىن ئاۋالقى تۈركىي تىللىق شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس تەجرىبە-خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسىدا، تۈركىي- مىللىي شېئىرىيەت نەزەرىيەسىنى تۇرغۇزۇشتا كۆپ كۈچ چىقاردى.

دەرۋەقە، نەۋائىينىڭ لىرىك شېئىرىيەتتىكى ئىرىشچانلىقى كۈچلۈك ئۈنۈم بەردى. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ئۇتۇقلىرى ئۆز زامانداشلىرى ۋە ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى. نەۋائىي لىرىكىلىرىدىكى گۈزەل تىل، يالقۇنلۇق ھېسسىيات، رەڭدار مەزمۇن ۋە مەپتۇنكار، ئۆزگىچە شېئىرىي مۇھىت ئەسىرلەر بويى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ كەلدى. ئۇنىڭ «ھەر بىر غەزىلى خۇددى بىر ئېسىل قۇتا، ئۇ مىسرالار رىشتىسىگە تىزىلغان، گۈزەل تىل بىلەن نۇرلانغان، خىلمۇ-خىل ۋەزىن ھەم باي قاپىيەلەر بىلەن تېخىمۇ رەڭدار تۈس ئېلىپ، چاقناپ تۇرىدىغان نازۇك پىكىر جەۋھەرلىرى بىلەن تولغان. شۇنداقلا بۇ غەزەللەر كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە باي». شۇڭلاشقا، قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان نەۋائىي لىرىكىلىرى ئۇيغۇر-تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت نەمۇنەسى سۈپىتىدە ئوقۇتۇلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكا قامۇسى

«ئـون ئىككـى مۇقـام»نـىڭ كـۆپلىگەن تېكىسـتلىرى نەۋائـى غەزەللىرىـدىن تالـلانـدى. مۇشـۇ نۇقتـىـدىن ئېيتقانـدا، «ئەلىشـىر نەۋائـى 15-ئەسـىردىكى مىللىي شېئىرىيەتنى بەدىئـىي جەھەتـتىن ئەڭ يۈكسـەك پەللىـگە كۆتۈرۈشـتە ژانىر جەھەتتىن بېيىتقان، ۋەزىن جەھەتـتىن سىستېمىلاشـتۇرغان، سـەنئەت يـوللىرىنى شـاخلاندۇرغان، بولۇپمـۇ تېمـاتىكىلىق دائىرەسـىنى كېڭەيتىـپ، ئاكتۇۋال ئىجتىمائىي مەسىلەلەرنى ئەكس ئەتتـۈرۈپ، شـېئىرىيەتنىڭ غـايەۋى دەرىجىســـىنى يۈكســـەلدۈرگەن ۋە رېئـــال ئەھمىيىتـنـــى گەۋدىلەنـــدۈرگەن شائىردۇر. شۇڭلاشقا، ئۇنى 15-ئەسىردىكى مىللىي شېئىرىيەتنىڭ بايراقدارى دەيمىز.».

ئۇنىڭدىن باشقا، نەۋائىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى - «خەمسە» نامى ئاستىدا يېزىلغان بىر يۈرۈش ئېپىك داستانلىرىدۇر.

خەمسـەچىلىك ئۇتتـۇرا ئەسـىر شـەرق ئەدەبىياتـىدا مەيـدانغا كەلـگەن ئالاھىدە ئەدەبـىي ھادىسـە بولـۇپ، نەۋائـىي دەۋرىـگە قەدەر پـارس تىللـىق ئەدەبىياتتا ئىزچىـل ئەنـئەنە ھاسـىل قىلغانـدى. بـۇ ئەدەبـىي ھادىسـىنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى شەرق ئەدەبىياتىدىكى نەزىـرە ئەنئەنىسـىگە بىۋاسـتە باغلىنىدۇ. 12-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىـدا ئەزەربەيجان شـائىرى نىزامـى گەنجىۋى (1141-1209) «پەنج گەنج»(بەش خەزىنە) نامى ئاستىدا تۇنجى قېتىم بىر يۈرۈش ئېپىك داستانلارنى يېزىـپ، زور مـۇۋەپپەقىيەت قازىنـىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقتىكى بىرمۇنچە شائىرلار نىزامىنىڭ «خەمسە»سىگە تەقلىـد قىلىـپ نەزىـرەلەر يازىـدۇ. ئەممـا، كۆپىنچىسـى نىزامىنـىڭ بەدىئـىي مۇۋەپپەقىيىتىگە يېتەلمەيدۇ. 14-ئەسىرگە كەلگەنـدە، ھىندىسـتان شـائىرى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى (1253-1325) نىزامىنـىڭ يولـىدىن مېڭىـپ، پـارس تىلى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك «خەمسە» يارىتىدۇ. نەۋائى دەۋرىگە كەلگەندە ئابدۇراخمان جامى ئالدىنقىلارنىڭ «خەمسـە» يارىتىشـتىكى تەجرىبىلىرىنـى خۇلاسىلەپ، پارس ئەدەبىياتىدا يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك «خەمسە» يېزىپ چىقىدۇ. ئەممـا، جـامى دەسـلەپكى «خەمسـە» ئۇسـلۇبىدا يېزىلغـان «بەش

داستان»غا كېيىن يازغان ئىككى داستانىنى قوشۇپ، يەتتىگە يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇنى «ھەفت ئەۋرەڭ»(يەتتە گۆھەر) دەپ ئاتايدۇ. نەۋائى دەۋرىدە مەۋلانا ئەشرەف قاتارلىق بىرمۇنچە شائىرلارنىڭ «خەمسە» يېزىشقا تۇتۇش قىلغانلىقى، ئەمما ئانچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقى مەلۇم.

نەۋائى 40 ياشتىن ئاشقان پىشقان چاغلىرىدا تۈركىي تىلى بىلەن «خەمسە» يېزىشقا تۇتۇش قىلدى ۋە ئىلگىرى-كېيىن ئىككى يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېيىن، مىلادىيە 1485-يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بەش داستاندىن تەركىب تاپقان، «قۇتادغۇبىلىك»تىن كېيىنكى تۈركىي تىلى ئەدەبىياتىدىكى يەنە بىر ئۆلمەس بەدىئىي ئابىدىنى ياراتتى. نەۋائىنىڭ «خەمسە» نامى ئاستىدىكى بىر يۈرۈش داستانلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلاردىن شەرھىلەش مۇمكىن:

بىرىنچى: نەۋائىنىڭ تۈركى تىلى بىلەن تۇنجى مۇۋەپپەقىيەتلىك «خەمسە»نى يارىتىشى ۋە زور شۆھرەت قازىنىشى 15-ئەسىر تۈركى تىللىق ئەدەبىياتىدىكى ئاجايىپ بۈيۈك ۋەقەدۇر. چۈنكى، نەۋائىدىن ئىلگىرى ۋە نەۋائى ياشىغان زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدە «پەقەت پارس تىلى بىلەنلا بۈيۈك ‹خەمسە› يارىتىش مۇمكىن، تۈركى تىلدا ‹خەمسە› يازغىلى بولمايدۇ» دېگەن بىر تەرەپلىمە قاراش ئۇيقىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇنچىلىغان تۈركىي تىللىق شائىرلارمۇ شېئىر ئىجادىيىتىدە پارسچە يېزىشقا مايىل ئىدى. گەرچە بەزى تۈركىي تىللىق ئاپتورلار تۈركى تىلدا نىزامى «خەمسە»سىگە نەزىرە يېزىشقا بەل باغلىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا «خەمسە» تەركىبىدىكى گۈزەل داستانلارنىڭ يۈرەكلەرنى تىترەتكۈچى سېھرى كۈچىدىن پەقەت پارسچە بىلىدىغان كىشىلەرلا زوق ئالاتتى. ھالبۇكى، تۈركىي ئەدەبىياتى بۇخىل شۆھرەتتىن مۇستەسنا ئىدى. نەۋائى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە ئانا تىلى بىلەن مۇنداق قۇرلارنى يازدى:

مەن تۈركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھېكايەت.

كىم چۈن شۆھرەتى جەھانغا تولغاي،
تۈركىي ئېلى داغى بەھرە ئالغاي.

شۇنداق قىلىپ، نەۋائى تۈركى تىلى بىلەن ئۆزىدىن ئاۋۋالقى خەمسەنەۋىسلەرگە جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇزاقتىن بۇيان پارس تىلى بىلەن ئېيتىلىپ كەلگەن ئاشىق-مەشۇقلار ھەققىدىكى گۈزەل ھېكايەلەرگە تۈركىي تىلى بىلەن شۇنداق لىباسلار كىيدۈردىكى، چىن دىيارىدىن خۇراسان شەھەرلىرىگىچە بولغان بىپايان تېررىتورىيەدىكى ھەممە تۈركى ئۇلۇسلار بۇ سۆيگۈ داستانلىرىدىن ئانا تىلىدا بەھرە ئالىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا، نەۋائى ئۆزىدىن ئاۋۋالقى بۈيۈك ئۇستازلىرىدىن نىزامى، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى ۋە جامى قاتارلىقلارنىڭ پارس تىلىدىكى «خەمسە»لىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئىجادىي مۇسابىقىدە ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى «خەمسە»سىگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇ «فەرھاد-شېرىن» داستانىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

نىزامى ئالسا بەردەئى بىلە گەنجە،
قەدەم رۇم ئەھلىغە ھەم قىلسا رەنجە.
چېكىپ خۇسرەۋ داغى تىغى زەبانىنى،
يۈرۈپ فەتھ ئەيلەسە ھىندۇستانىنى.
يەنە جامى ئەجەمدە ئۇرسە نەۋبەت،
ئەرەبدە داغى چالسا كۇسى شەۋكەت.
ئالىپمەن تەھتى فەرمانىمغە ئاسان،
چەرىك چەكمەي خىتادىن تا خۇراسان.
كۆڭۈل بەرمىش سۆزۈمگە تۈرك جان ھەم،
نە يالغۇز تۈرك، بەلكىم تۈركمەن ھەم.

ئىككىنچى: نەۋائى ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلىدا يازغان «خەمسە»سىدە تۇنجى قېتىم شەرق ئەدەبىياتىدىكى خەمسىچىلىك ھادىسىسىنىڭ ئەنئەنەۋى پرىنسىپلىرى، نەزەرىيەۋى ئاساسلىرى، ۋە بەدىئىي مېتودلىرىنى ئىلمىي ھالدا

يەكۈنلىدى. بۇ نەۋائىغىچە بولغان خەمسەچىلىك تارىخىدا تېخى كۆرۈلمىگەن ئەمگەك ئىدى. نەۋائى «خەمسە» تەركىبىدىكى ھەرقايسى مۇستەقىل داستانلارنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئالدى بىلەن شەرق ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك خەمسەنەۋىسلەردىن نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى، ئابدۇراھمان جامى، مەۋلانا ئەشرەف قاتارلىقلارنىڭ «خەمسە» يېزىشتىكى بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلىرىنى ئىلمىي ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئۇلارغا كونكرېت باھا بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ «خەمسە» يېزىشتا نېمىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، نېمىلەرنى ئىسلاھ قىلغانلىقى، قايسى جەھەتلەردىن يېڭىلىق ياراتماقچى بولغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بولۇپمۇ «خەمسە» يېزىشتا، ئىپىك داستانلارنىڭ ژانىر مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. نەۋائى دەۋرىدە ئارىفىي، كاتىبىي، شىرازى، ھىلالىي قاتارلىق بىر قىسىم شائىرلار شەكىلۋازلىققا بېرىلىپ، ئېپىك داستانلارنى تۇيۇق ژانىرى بىلەن يېزىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. نەۋائى بۇ ئەھۋالغا قارىتا «مەجالىسۇن-نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە تۇيۇق ژانىرىنىڭ ئىپىك شېئىرىيەتكە نىسبەتەن ئېغىر ۋە قولايسىزلىقى، يەنىلا خەمسەچىلىكتىكى ئەنئەنەۋى ژانىر بولغان مەسنەۋى(ئىككىلىك) شەكلىنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىكى يوشۇرۇن ئىمكانىيەتلىرىنى ئىسقىچە بايان قىلىدۇ. ھەمدە «ھەيرەتۇل-ئەبرار» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئاڭلامايىن سۆزدە تۇيۇق بەھرىنى،
قايسى تۇيۇق، بەلكى قوشۇق بەھرىنى.
لەفزلەرى بىمەزە، تەركىبى سۇست،
نەسرى مەئنىيۇ، ئەدا نادۇرۇست.
بارچەسىغە دېۋىيۇ مەئنىيۇ خاس،
خاسلارىن تاپماي ئۇلاردىن خالاس.

دېمەك، نەۋائى خەمسەچىلىك ئىجادىيىتىدە بىر پىشقان شائىرلا ئەمەس، بەلكى يەنە نەزەرىيەۋى كۆزەتكۈچىگە خاس كۆز بىلەن «خەمسە»

ئىجادىيىتىدىكى ئىنچىكە ھالقىلارنى ۋە بەدىئىي پىرىنسىپلارنى يەكۈنلەيدۇ. شۇنداقلا ئۆزىدىن كېيىنكى شائىرلارنىڭ ئېپىك داستانچىلىق ئىجادىيىتىگە نەزەرىيەۋى يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى: نەۋائى ئۆزىنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى بىر قىسىم داستانلاردا، جۈملىدىن «فەرھاد ـ شىرىن»، «سەبئەئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەرىي» قاتارلىقلاردا خەمسەچىلىكنىڭ ئەنئەنەۋى سيۇژىتلىرىغا قەدىمكى تۈركى تىللىق خەلقلارنىڭ قەھرىمانلىق داستانلىرى ۋە چۆچەكلىرىنىڭ قىسمەن ۋەقەلىك ـ موتىفلىرىنى بىرلەشتۈردى. ھەممىگە مەلۇمكى، نىزامىنىڭ «خەمسە»سىدىن كېيىن، ئەنئەنەۋى بەش داستانىنىڭ ھېكايە ۋەقەلىكلىرى «مۇقەددەس سيۇژىتلار» دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى ۋە كېيىنكى «خەمسە» يازغۇچىلار تەرىپىدىن سيۇژىتلارنىڭ ئاساسىي ئەندىزىسى ساقلاپ قېلىنغانىدى. ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ «خەمسە»سىمۇ نىزامى «خەمسە»سى تەركىبىدىكى داستانلارنىڭ ئەنئەنەۋى سيۇژىتلىرىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەلۇم دەرىجىدە ھىندىچە پۇراقنى سىڭدۈرگەنىدى. نەۋائىي ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى «خەمسە»سىدە خەمسەچىلىك ئىجادىيىتىدىكى ئەنئەنەنى ساقلاش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك نۇقتىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە «خەمسە» سيۇژىتلىرىنىڭ تۈركىيچە ۋارىيانتلىرى بىلەن بېيىتىلىشى ئىشقا ئاشتى. مەسىلەن، نەۋائى «فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا فەرھادنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن يولغا چىقىپ، يۇنانغا بېرىشى ۋە ئەرمەن مەلىكىسى شىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش يولىدىكى جاپالىق جەريانلىرىغا روشەن ھالدا تۈركىي داستانچىلىقىدىكى قەھرىماننىڭ سەپەرگە چىقىشى ۋە قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشى ھەققىدىكى سىناق موتىفلىرىنىڭ ئەندىزىسىنى سىڭدۈردى. بۇ ھال بىزگە تەبىئىي ھالدا «ئوغۇزنامە»، «گۆر ئوغلى»، «ماناس»، «ئالپامىش» قاتارلىق تۈركىي ئېپۇسلىرىدىكى قەھرىماننىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىدىكى سيۇژىت دېتاللىرىنى ئەسلىتىدۇ. «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدىكى ئىسكەندەر بىلەن چىن خاقانىنىڭ سىڭلىسى تۇزۇۋشى ۋە چىن مەلىكىسىنىڭ ئىسكەندەرگە ياتلىق بولۇشى ھەققىدىكى باياانلار مەھمۇد كاشغەرىنىڭ

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئىسكەندەرگە ئائىت مەلۇماتلار بىلەن يېقىندىن جىپسىلىشىدۇ. دېمەك، نەۋائى ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى «خەمسە»سىدە ئەنئەنەۋى پارس تېپىدىكى ھېكايە سيۇژىتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەندىزىسىنى ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى تۈركىيچە يەرلىك سيۇژىتلار بىلەن بېيىتقان ھەمدە مەلۇم مەنىدە تۈركىيلەشتۈرگەن.

تۆتىنچى: نەۋائى ئۆزىنىڭ «خەمسە» ئىجادىيىتىدە بەدىئىي ئوبرازلار مەسىلىسىدە خېلى زور ئىسلاھاتلار ئېلىپ باردى. ئۇ ئەنئەنەۋى خەمسەچىلىكتىكى ئوبرازلار سىستېمىسىنى قايتىدىن ئىشلەپ چىقتى. بىر مۇنچىلىغان ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرى، مەيدانى، ھەرىكەت يۆنىلىشى، ۋەتىنى، غايىسى، ۋە روھى دۇنياسىنى يېڭىچە بەدىئىي رەڭ بىلەن سۇغۇردى. ھەمدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائى غايەسىنى ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى تەلپۈنۈپ كەلگەن غايەۋى ۋەتىنى - چىن، ماچىن ۋە خوتەن دىيارىنى فەرھادنىڭ، «سەبئەئى سەييارە»دىكى مەلىكە دىلئارامنىڭ ۋەتىنى قىلىپ تاللىۋالدى. ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك قەھرىمانلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ غايەسىنى مۇشۇ بۈيۈك ۋەتەنگە باغلىدى. نەۋائى قەھرىمانلىرىنىڭ بۇ بۈيۈك ۋەتىنى - شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدا «چىن»، «ماچىن»، «خوتەن» ناملىرى بىلەن ئاتالغان - تارىم ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى دەل نەۋائىنىڭمۇ غايەۋى ۋەتىنى ئىدى؛ ئۇ گۈزەل ئەرمەن مەلىكىسى شىرىنىنىڭ مۇھەببەتكە قويغان شەرتىنى نىزامى ياكى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىلەرنىڭ تەسۋىرلىگىنىگە ئوخشاش تاغدىكى ھەيۋەتلىك قەسرگە «سۈت قانىلى» قېزىشقا قاراتمىدى، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدىكى ئەڭ رېئال مەسىلە بولغان «سۇ قانىلى» قېزىپ، چۆلگە سۇ باشلاش تېمىسىغا يۆتكىدى. ئۇ يەنە پارس كىلاسسىكلىرى تەسۋىرىدىكى گۈزەل مەلىكە شىرىنغا ئىران شاھى خۇسرەۋنىڭ گاھ قىززىپ، گاھ سوۋۇپ تۇرىدىغان زىددىيەتلىك مۇھەببىتى مۇناسىپ ئەمەس، بەلكى چىن شاھزادەسى فەرھادنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغان يىگىتلىك روھى مۇناسىپ دەپ قارىدى. بۇنىڭ بىلەن نەۋائىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تۈركى تىلىدىكى «خەمسە»دە يېڭى ئوبرازلار

سېستىمىسى يارىتىلدى، بۇنىڭغا يارىشا يەرلىك تۈركىي سىيۇژۇتلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى. خۇددى باتۇر ئەرشىددىنۇف كۆرسەتكەندەك: «نەۋائىنىڭ بۇ ۋارىيانتلىرى خىيالى توقۇلمىلار بولماستىن، ئەسلىدە فەرھاد، مانى، بانى، قارەن، شاپۇر، دىلئارام، ئىسكەندەر، بەھرام ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى كۇچا مىڭئۆيلىرى، خوتەن تاشچىلىقى، تۇرپان مانىخزمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ئەپسانەۋى ئوبرازلارنى ئۇيغۇرلار ئەنە ئاشۇ مىڭئۆيلەر قۇرۇلۇشى، تاشچىلىقى ۋە رەسىم سەنئىتىگە باغلاپ تەسۋىرلىگەنىدى.»

قىسقىسى، نەۋائىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن «خەزائىنۇل-مەئانى» نامى ئاستىدىكى لىرىكىلىرى بىلەن «خەمسە»سى تەركىبىدىكى ھەر قايسى ئېپىك داستانلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى.

# ئالتىنچى باب: نەۋايىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ غايىۋى مەنبەلىرى

ئەلىشىر نەۋايى تۈركىي تىللىق شېئىرىيەتتە يۈكسەك پەللە ياراتقان بىر شائىرلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز ئالدىغا پەلسەپەۋى چوڭقۇرلۇق ياراتقان مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۆز دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسان خەلقلىرىنىڭ ئالاھىدە تارىخى شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن كۆپ قىرلىق ئىجتىمائى ئىدىيەلىرى بىلەن ئىسلام شەرقىدە كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئويغىنىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شۇڭلاشقا نەۋايى دۇنيا قارىشىنىڭ ئىدىيە مەنبەلىرى ۋە ئىجتىمائى يىلتىزى ناھايىتى چوڭ تېما بولۇپ، مۇرەككەپ ۋە كۆپ قاتلاملىق جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن شەرھىلەش مۇمكىن.

بىرىنچى: نەۋايى پەلسەپەسىنىڭ يادروسى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسلام تەسەۋۋۇپ ئىدىيەلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپ (سوفىزم) ئىسلام پەلسەپەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، نەۋايى دەۋرىگىچە ئىسلام شەرقىدە مۇرەككەپ ۋە ئەگرى-توقاي بولغان تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋايى ياشىغان دەۋردە تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسىنىڭ مۇھىم ئېقىملىرىدىن بىرى بولغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا راسا گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى. نەۋايىنىڭ ئۇستازى ئابدۇراھمان جامى (1141~1492) ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى سەئىدىددىن كاشغەرى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋج ئالغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ھىراتتىكى مەشھۇر ۋەكىللىرى ئىدى. بولۇپمۇ جامى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىدىيە جەھەتتىن ياش ئەلىشىرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. نەۋايى ئۆز ھاياتىدىكى ئۇستازلىرى ئىچىدە

جامىنى ئالاھىدە ئۇرۇنغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە كىرگەنلىكى مەلۇم.

يەنە بىر تەرەپتىن، نەۋايى باللىق چاغلىرىدا مەشھۇر پارس شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى پەرىدىددىن ئەتتار(1145~1229)نىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى قۇشلار تىلى بىلەن بايان قىلغان «مەنتىقۇت-تەير»(قۇشلار نۇتقى) ناملىق ئەسىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇ بۇ تەسىرنى ئۆمۈربويى كاللىسىدىن چىقىرىۋەتەلمەيدۇ. ئاخىر ئۆزىمۇ 60 ياشقا يېقىنلاشقاندا قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرى مۇجەسسەملەشكەن ئەسىرى «لىسانۇت-تەير»(قۇشلار تىلى)نى يېزىپ چىقىدۇ.

شائىر بۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇ ھادىسە زادىلا كاللامدىن چىقمايدۇ، باللىق چاغلىرىم ئىدى، مەدرىسەدە ئوقۇۋاتاتتىم. باللار ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئۇستازنىڭ زورى بىلەن ساۋاق تەكرارلايتى... بۇ چاغدا مېنىڭ بۇ ھەۋەسكار تەبىئىتىم ‹مەنتىقۇ-تەير› نى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ قالدى. ئەس-يادىم ئۇنى تەكرارلاش بىلەن بولدى. خاتىرەم شۇ ئارقىلىق تەسكىن تاپاتتى. ساددا كۆڭلۇم ئۇنىڭدىن مەدەت ئېلىشقا باشلىدى. تەبىئىتىم بۇ ئەسەردىكى سۆزلەرگە شەيدا بولۇپ قالغاچقا، يەنە باشقا سۆزلەرگە مايىللىق كۆرسەتمىدى. بۇ ئەسەردىكى ئاجايىپ ھېكمەتلەرگە، قۇش تىلى بىلەن ئېيتىلغان كىنايەلەرگە ئادەتلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭدىكى ھەربىر سۆزدىن تەبىئىتىم يايراپ مۇرادىمنى تاپاتتىم. ئۇنىڭ زەۋقى مېنى ناھايىتى خوشال قىلاتتى. ئۇنىڭ شەرھلىرى مېنى ھەيرانلىق ئىچىدە لال قىلاتتى. مېنىڭ بۇ ھالىتىمگە تەبىئىتىم ئۇستاز بولماقتا، بۇ كىتاپقا بولغان ئېتىقادىم كۈنسېرى ئاشماقتا ئىدى. شۇ تۇيۇغۇيلىدىن مەن خالايىق بىلەن بولغان ئۇلپەتچىلىكتىن قاچىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ كىتاب مېنىڭ خىلۋەتتىكى ئەڭ يېقىن سىرداشىم بولۇپ قالدى. بارا-بارا كىشىلەرنىڭ ياشاش ئادەتلىرى ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن تەبىئىتىمگە مالاللىق يېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئىشق مېنى شەيدا قىلدى. ‹خىلۋەت ئىشكىنى ئاچاي، بۇ ئالەمنىڭ بىمەنە كىشىلىرىدىن قاچاي› دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم.

باللار مەندىكى بۇ ھالەتنى كۆرۈپ سۆرەن-چۇقان سېلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ غەلۋە-غوۋغالىرى ئاتا-ئانامنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ۋەھىمىگە چۈشتى. ئۇلار: «بۇ كىتابتىكى ئوتلۇق سۆزلەر بىلەن پەرزەنتىمىزنىڭ خام تەبىئىتى تەلۋىلىككە قاراپ يۈزلىنىشى مۇمكىن، شۇنداق بولۇپ قالسا تەقۋادارلىقتىن ۋە سالاھىيەتتىن باش تارتىدىغان ھالەتكە بېرىپ يېتىدۇ» دەپ كىتابىمنى يوشۇرۇپ قويۇشتى. ئۇنى ئوقۇشتىن كۆڭلۈمنى ياندۇردى. «مەنتىقۇت-تەير» ھەققىدە تۈرلۈك پەندى-نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۇ كىتاب بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن مېنى پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى.

ئاردىن بىر نەچچە مۇددەت ئۆتتى. ئاتا-ئانامنىڭ كۆڭلى مېنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىمدىن خاتىرجەم بولۇپ تىنچلاندى. لېكىن بۇ ئەسەر مېنىڭ يادىمدا قېپقالغانىدى. ئۇنى ھەمىشە مەخپىي ھالدا تەكرارلاپ يۈرەتتىم. كۆڭلۈم دائىم قۇش تىلى بىلەن سىرداش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سۆزگە مەيلىم يوق ئىدى.

ۋاقتىكى، مەن تۈركىي شېئىرىيەتتە بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەممىسنى بىر قەلەم ئاستىغا ئالدىم. تۆت دىۋان بىلەن بەش خەزىنەنى ( «چاھاردىۋان» دەپ ئاتالغان «خەزائىنۇل-مەئانى» بىلەن «خەمسە» نى) ھېچقانچە قىينالمايلا قولغا كەلتۈردۈم. يازغان نەزمە ۋە نەسرى ئەسەرلىرىمنى تەخمىنەن يۈزمىڭ بېيىت دەپ قىياس قىلاتتىم.

شېئىرىيەت ساھەسىدە شۇنچە مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارغان بولساممۇ، بىر خىيال زادىلا يادىمدىن چىقمايتى. يەنى «تەڭرى مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلسا، بۇ دەپتەرنى ( «مەنتىقۇت-تەير» نى) تەرجىمە ئۇسۇلى بىلەن يېزىپ چىقسام» دېگەن ئارزۇ كۆڭلۈمدە ھامان ساقلىنىپ كەلدى. بىراق بۇ بەكمۇ مۈشكۈل ئىش بولۇپ، مەن ئۇنى بېجىرىشكە ئاجىز ئىدىم. شۇ تۈپەيلىدىن قەلەمگە قول ئۇزۇتالماي كەلگەن ئىدىم.

مەن ئاقىۋەت شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۆمرۈم تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بۇ كىتابنى يازالماي ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ ئالەمدىن شۇ ئارمان بىلەن، ياق، بەلكى ئاشۇنداق ئوتتا ئۆرتىنىش بىلەن كېتىپ قالىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمرۈم ئاتمىشقا قەدەم قويغاندا، قۇش تىلىنى شەرھىلەش ئۈچۈن قەلەم ئۇچلىدىم...».

مانا بۇ نەۋايىنىڭ ئاددىي ھالدىكى بىر ئەسىرنىڭ يېزىلىش تارىخىلا ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىپ ئۇلغىيىشى ۋە ئەڭ ئاخىر گۈزەل پىكىرلەرنىڭ ئاناتىل ئىمكانىيىتىنىڭ چەكسىز مۇمكىنچىلىكىدە يورۇقلۇققا چىقىش جەريانىدۇر. بىز بۇنىڭدىن نەۋايىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە پەلسەپە ئىدىيەسىدە تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىنىڭ قانچىلىك موھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

ئىككىنچى، ئىسلام شەرقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك پەيلاسوپ ۋە ئەللامەلىرىدىن فارابى، ئىبن سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرونى قاتارلىقلارنىڭ ئىنسان، مەۋجۇدىيەت، ئالەم، ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي بەخت-سائادەت ھەققىدىكى راتسىئونالىزىملىق قاراشلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنى كۆۋرۈك قىلغان ھالدا قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ پەلسەپە تەلىماتلىرى نەۋايى دۇنيا قارىشىنىڭ يەنە بىر ئىدىيە مەنبەسى بولدى.

نەۋايى ئۆزىنىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى ئاخىرقى داستانى «سەددى ئىسكەندەرىي»دە ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي غايەسىنى ئىپادىلىدى. مەزكۇر داستانىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە ئوتتۇرىغا قويغان غايەۋى جەمئىيەت تەسەۋۋۇرىدا ناھايىتى زور دەرىجىدە فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر» ھەققىدىكى ئوتوپىيەلىرىگە ياندىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئىسكەندەرنىڭ ئۇزاق يۈرۈشلەردىن قايتىپ روھى تاكامۇللۇققا ئېرىشىشى ھەمدە سېپىل سېلىپ ئادىل شاھقا ئايلىنىش جەريانلىرىغا يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن ئەرەستۇ (ئارستوتىل)، ئەپلاتون (پىلاتون) قاتارلىقلارنىڭ تەلىماتلىرىنى سىڭدۈرۈپ تاشلايدۇ؛ ئۇ يەنە «فەرھاد-شېرىن» داستانىدا

چىن شاھزادىسى فەرھادنى غەربتىكى ئەقىل-ئىدراك مەملىكىتى بولغان يونانغا سەپەرگە ئاتلاندۇرىدۇ. قەلبىدە ئىشق ئوتى لاۋۇلداپ تۇرغان فەرھاد كۆپلىگەن قىيىن سىناقلاردىن ئۆتۈپ ئاخىرى يۇنانغا يېتىپ بارىدۇ ۋە بۇ يەردىكى بىر غاردا ئۇلۇغ ھەكىم سوقرات بىلەن ئۇچرىشىپ مەنىۋى كامىللىققا ئېرىشىدۇ. شۇندىلا ئۇنىڭدا ئەرمەن مەلىكىسى شىرىننىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىڭ شەرتى ھازىرلىنىدۇ. دېمەك، بىز ئۇنىڭ غەزەللىرى، داستانلىرى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ يىپەك يولى بويىلاپ يەھۇدى، ئەرەب، مىسىر، ۋىزانتىيە ۋە قەدىمكى يۇنان پەلسەپەلىرىدىن ئوزۇق ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۈچىنچى، نەۋايى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى چوڭقۇر ئىزدىنىشلىرىدە،سەنئەت قانۇنىيىتى ۋە پەلسەپەسى ھەققىدىكى مۇلاھىزەلىرىدە ۋە ئىنساننىڭ ماھىيىتى، ئىرادىسى، ئەركىنلىكى، غايەسى ھەمدە ھايات تەلپۈنۈشلىرى ھەققىدىكى بەدىئىي تەلقىنلىرىدە ئۆزىدىن ئاۋۋالقى شەرق كىلاسسىكلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، خۇسرەۋ دېھلىۋى، جالالىددىن رۇمى، پەرىدىدىن ئەتتار، شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازى،ئابدۇراھمان جامىلارنىڭ، شۇنىڭدەك تۈركىي كىلاسسىكلىرىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى پىر ئۇستازى دەپ ھېسابلىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆز ئىجادىيىتىگە ئىلھام ۋە ئېنىرگىيە قوبۇل قىلدى. بۇ نۇقتىدا روس شەرقشۇناسلىرىدىن بېرتېلس نەۋايىنىڭ ھەتتا «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن تونۇشقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇئەييەن تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «نەۋايىنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› بىلەن تونۇشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، بۇ داستاننىڭ ئاساسلىق قولىيازمىسى ھىراتتىن تېپىلغان ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە نەۋايىنىڭ بۇ ئەسەر بىلەن تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن بۇ توغرۇلۇق بىزدە ھېچقانداق ئېنىق ئېچىش بولمىدى. يەنى شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نەۋايىنىڭ قەھرىمانى ئىسكەندەرنىڭ ئارستوتىل بىلەن قىلغان مۇنازىرەلىرى ‹قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ ئاساسىي قىسمىغا ناھايىتى

ئوخشايدۇ. مانا بۇ نۇقتىدىن، نەۋايى نىزامى گەنجىۋىگە قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. مەن بۇلارنى ئېيتىش بىلەن ‹نەۋايى بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا تەقلىد قىلدى› دېگەن خۇلاسىگە كەلمەكچى ئەمەس. بۇ يەردە پەقەت ئەنئەنەنىڭ ئەنە شۇ يىراق ‹قۇتادغۇ بىلىك› تىن كېلىۋاتقانلىقىنى نېمىشقا تەكىتلىمەيمىز!؟».

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەۋايى پەلسەپىسىنىڭ ئىدىيە مەنبەلىرى ۋە تارىخى يىلتىزى مۇرەككەپ ۋە كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، ئۇنى نەۋايى ياشىغان دەۋرنىڭ ئىجتىمائى رېئاللىقىدىنمۇ ھەم ئىسلام شەرقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك پىكىر تارىخىدىنمۇ ئىزدەش مۇمكىن.

نەۋايى ئەسەرلىرىدىكى پەلسەپەۋى روھ ئۇنىڭ «چاھار دىۋان»دىكى كۆپلىگەن لىرىك غەزەللىرىدە، «ھەيرەتۇل-ئەبرار»، «لىسانۇت-تەير»، «فەرھاد-شېرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «مەھبۇبۇل-قۇلۇپ» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

نەۋايىنىڭ تەبىئەت، ئىنسان، ئىلاھىيەت، ۋە مەۋجۇدىيەت قاراشلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسلام شەرقىدە ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىپ كەلگەن، 15-ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەنىدى. نەۋايىدىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەردىن ئوزۇق ئالغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسى ئىنساننىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. تەسەۋۋۇپ بۇ نۇقتىدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆزىگە مۇجەسسەملەشكەن ئۇلۇغلۇقىغا مۇراجەت قىلدى. نەۋايىمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مۇتەسەۋۋۇپلارغا ئوخشاشلا، ئاللاھنى ئالەمدىكى يىگانە بارلىق دەپ قارايتى. ئۇنىڭچە، ئاللاھ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ھەم ئەسلىي زاتى ئىدى. شۇڭا ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە ئاللاھقا قايتاتتى. كائىناتتىكى باشقا شەيئىلەر ئاللاھ سۈپەتلىرىنىڭ تارقاق ياكى قىسمەن ھالدىكى تەجەللىسى (پارلاپ كۆرۈنۈشى) بولۇپ، پەقەت ئىنسانلا ئاللاھ سۈپەتلىرىنىڭ تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتىكى

تەجەللىسى بولالايتى. شۇڭا ئىنسان ئاللاھدىن ئىبارەت «ھۆسنى مۇتلەق»نىڭ چەكسىز گۈزەللىكىدىن ئۆز ۋۇجۇدىنى تويۇندۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنى بىلىش، تونۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان ئۆزىنى تونۇشى ۋە بايقىشى زۆرۈر ئىدى. بۇ ھەقتە نەۋايى مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئۆز ۋۇجۇدىڭنى تەفەككۇر ئەيلەگىل،
ھەرنە ئىزدەرسەن، ئۆزۈڭدىن ئىزدەگىل.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا مۇمكىنكى، نەۋايىنىڭ تەسەۋۋۇپ قارىشىدا ئىنسانىنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشى دەل ئىنسان قەلبىنىڭ ئاللاھ سىرلىرىنىڭ ماكانى بولغانلىقىدا ئىدى. شۇڭلاشقا ئىنسان ھەق(ئاللاھ)نى سىرتقى دۇنيادىن ئەمەس، بەلكى ئۆز دۇنياسىدىن ئىزدىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنى يارىتىشتىكى ئەڭ ئالى ۋە ئەڭ توپ مەقستى ئىدى، ھەتتا ئاللاھ ئىنسانىنى ياراتقاندا بارلىق مالائىكە-پەرىشتەلەرنىمۇ ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغانىدى. شۇڭا، نەۋايى «ھەيرەتۇل-ئەبرار» داستانىدا مۇنداق دەپ يازدى:

مۇنچە غەرايىبكى مىسال ئەيلەدىڭ.
بارچە مىرئاتى جەمال ئەيلەدىڭ.
گەنجىڭ نەقدى فەراۋان ئىدى،
لېك، باردىن غەرەز ئىنسان ئىدى.
قانىيۇ ھەيۋانى ئەگەر خۇد نەبات،
ھەربىرى بىر گەۋھەرى ئالىي سىفات.
بارچەسىنى گەرچە لەتىف ئەيلەدىڭ،
بارچەدىن ئىنسانىنى شەرىف ئەيلەدىڭ.

نەۋايى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيەلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئەسىرى «لىسانۇت ـ تەيىر»دە «سۇمرۇغ» ، «ھۇدھۇد»(ھۆپۈپ) قاتارلىق مەجازى ئوبرازلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق قۇشلار تىلى بىلەن تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشىنى، ئىنسان بىلەن ئاللاھنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە بىرلىكى مەسىلىسىنى مەركەزلىك شەرھىلەيدۇ. نەۋايىنىڭ قارىشىچە، پەقەت كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھلا مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيەت ۋە يېگانە بارلىق ئىدى. ئالەمدىكى باشقا شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى يېگانە مەۋجۇدىيەت بولغان ئاللاھنىڭ خىلمۇخىل ھالەتتىكى ۋاقىتلىق كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، ئۇلار شەكىل ھالىتىدە كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇتلۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى. پۈتكۈل كائىنات «ھۆسنى مۇتلەق»(مۇتلەق گۈزەللىك، يەنى ئاللاھ)نىڭ ئۆزىنى كۆرۈش ۋە كۆرسىتىشتىكى ئەينىكى ئىدى، خالاس. شۇڭا نەۋايى مۇنداق دەپ خىتاب قىلىدۇ:

قىلدى مەزاھىردە خەيالى زۇھۇر،
تاپقالى ئۇل ھۇسن كەمالى زۇھۇر.
جىلۋەئى ھۇسنۇڭە چۇ يوق ئېردى ھەد،
كۆزگۈ كېرەك بولدى ئاڭا بىئەدەد.
ئاچتى بۇ گۈلشەننىكى رەڭگىن ئېرۇر.
ھەر گۈل ئاڭا ئايىنەئى چىن ئېرۇر.
جىلۋەئى ھۇسن ئۇلغالى زاھىر ئاڭا،
بولدى بۇ مىرئات مەزاھىر ئاڭا.

شائىر يۇقىرىقى مىسرالارنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان چەكسىز مەنىلەر ئىمكانىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپىغا خاس ئالەم ۋە مەۋجۇدىيەت قارىشىنى ئىپادە قىلىدۇ. ھەمدە بۇنى مۇنداق شەرھىلەيدۇ: «كۈچلۈك بوران ئۆزىنىڭ يۈكسەك دولقۇنلىرى بىلەن سۇ يۈزىدە تۈركەشلەرنى پەيدا قىلىپ، مىڭ خىل نەقىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نەقىشلەر دەممۇدەم يوقىلىپ، يەنە مىڭ تۈرلۈك يېڭى دولقۇنلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سەن بۇ ھادىسەگە ياخشى نەزەر سالساڭ، دېڭىز دولقۇنلىرىدا تۇراقلىق بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى

كۆرسەن. چۈنكى، ئۇ ھامان دېگىز يۈزىدە يوقىلىپ تۇرىدۇ. دېگىزدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى يوقالغۇچىدۇر. ئەنە شۇ چەكسىز دېگىز ھەق ۋۇجۇدىدىن ئاددىي بىر نەمۇنەدۇر. ئۇنىڭ يۈزىدىكى دولقۇن ۋە ئۆركەشلەر بولسا، بۇ ئالەمدىكى تۈرلۈك-تۈمەن نەرسىلەردۇر. مەنە ئەھلىلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان بۇ ئون سەككىز مىڭ ئالەم ئىچىدە قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتىكى شەكلەن مەۋجۇتلۇق بولۇپ، شەكىل جەھەتتىنلا كۆزگە چېلىقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر... ئەگەر ھەربىر كىشىدە ئەقىلدىن ئەسەر بولسا شۇنى بىلسۇنكى، بۇ ئالەمدىكى ئەزەلدىن تا ئەبەتكىچە بولغان ھەممە نەرسە مەۋجۇتلۇقىقا ئىگە ئەمەس، پەقەت شەكىل جەھەتتىكى كۆرۈنۈشكىلا ئىگە».

بۇنىڭدىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، نەۋايى ئىنسان، دۇنيا ۋە ئالەم قاتارلىق ئوبىكتىپ مەۋجۇدىيەت بىلەن مۇتلەق بارلىق ھېسابلانغان ئاللاھنى بىر-بىرىگە قارشى قويمايدۇ. بەلكى مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ھەق (يەنى ئاللاھ) بولۇپ، باشقا بارلىق شەيئىلەر ئۇنىڭ شەكلەن سايىسى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ، ئالەمدىكى ئەزەلىيەت ۋە ئەبەدىيەت ئۇقۇملىرى يېگانە بارلىق ھېسابلانغان ئاللاھقىلا مەنسۇپ، دەپ نىدا قىلىدۇ:

نە بولۇپ ئەۋۋەلدە بىدايەت ساڭا،
نە كېلىپ ئاخىردا نىھايەت ساڭا.
ئەۋۋەل ئۆزۈڭ، ئاخىرۇ مابەين ئۆزۈڭ،
بارچەغە خالىق، بارىغە ئەين ئۆزۈڭ.

نەۋائى يەنە مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتى بولغان يېگانە بارلىقنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «تەڭرى ۋۇجۇدى دېڭىز قايناملىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. قاينام ۋە ئۆركەشلىرىدىن ھاسىل بولغان ئېگىز-پەس نەقىشلەر دېڭىزغا ھېچبىر پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. دېڭىز دولقۇنلۇق بولسۇن ياكى دولقۇنسىز بولسۇن، ئۇ ئۆزىدىكى سۇ بىلەن بەرىبىر دېڭىز

ھېسابلىنىدۇ. بىراق، سۈسىز دولقۇن ۋە نەقىشلەر ھاسىل بولمايدۇ. دولقۇن ۋە نەقىشلەرنىڭ بولۇش-بولماسلىقىنى دېڭىز بەلگىلەيدۇ».

يەنە بىر تەرەپتىن، نەۋايى پەلسەپەسىدە تەسەۋۋۇپنىڭ موھىم ھالقىسى بولغان ئىنسان بىلەن ئاللاھنىڭ مۇناسىۋىتى، بىرلىكى تەكىتلەنگەن ۋە پەۋقۇلئاددە مۇھاكىمە ئوبيېكتىغا ئايلانغاندى. نەۋايىنىڭ تەشەببۇسلىرىدىن قارىغاندا، ئىنسان ئاللاھ ياراتقان جىمى مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت ئىدى. شۇنداقلا كائىناتتىكى جىمى سىرلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۈيۈك «كىتاب» ئىدى. ئىنساننىڭ ئىنسانىي كاملىلىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە بىلىش ۋە تونۇشىدا ئىشقا ئاشاتتى. بۇ نۇقتىدا ئىنساننى باشقا ھېچقانداق بىر مەخلۇقات بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتى:

ئەي كۆڭۈل، ھۆرۇ پەرى ۋەسفىن ئىشتىدىم،
ھېچقايسى ئادەمىلىغدە ئەمەس، ئىنسانچە خوب.

نەۋايى ئۆز قاراشلىرىدا ئىنسان بىلەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تەكىتلەپ، ئىنساننى سۆيۈشنىڭ ئۆز مەنىسى بىلەن ئاللاھنى سۆيۈش ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسانغا بولغان مۇھەببەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىدا نەۋايى جالالىددىن رۇمىنىڭ:

ئايا سىز جان چېكىپ ھەرلەھزە ئىزدەيسىز ئىلاھىنى،
ئۇنى ئىزدەشكە نە ھاجەت، ئىلاھى - سىز، ئىلاھى - سىز!

دېگەن مىسرالىرىغا يېقىندىن ياندىشىدۇ، ئەمما نەۋايى ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ھۆرمىتى، مۇھەببىتى ۋە ھەمنەپەسلىكىنى ھەرگىز چەتكە

قاقمايدۇ. بەلكى، ئۇنى ئۆزى ئۆمۈر بويى كۈيلىگەن «ئىشق» ئوتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارايدۇ:

ئەي نەۋايى ئۇل پەرى ئۆلتۈرسە ھەم ئازدۇر سېنى،
كىمكى ئىنساندۇر ئانىڭ مەھبۇبى ئەم ئىنسان كېرەك.

نەۋايىنىڭ ئىنسان بىلەن ئاللاھنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» چۈشەنچىسىدە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدى. ناھايىتى روشەنكى «فەنا»(يوق بولماق) ـ تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىدىكى بىر خىل يۇقۇرى باسقۇچ ئىدى، ھەقىقىي ئاشىقلىق مەقامىغا ئېرىشكەن ئىنسان مانا مۇشۇ يۇقۇرى باسقۇچقا يەتكەندىلا، ئاندىن «فەنا» قايىنىمىغا كىرەلەيتى ۋە ئۆزلىكىنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ ياكى ئۆزلىكىتىن ھالقىپ، بىردىنبىر مەۋجۇتلۇق بولغان ئەسلىي ۋۇجۇتقا (يەنى ھەق ۋۇجۇدىغا) قوشۇلۇپ كېتەلەيتى، ئۆزلۈك يوقالغان، نەپسى ئۆلتۈرۈلگەن، ھەق ۋۇجۇدى بىلەن مەڭگۈلۈك بىرلىشىپ كەتكەن بۇ يۈكسەك باسقۇچتا «مەن» ئۇقۇمى مەۋجۇت بولمايتى. بەلكى «مەن» ۋە «سەن» ياكى ئاشىق ۋە مەشۇق ئەمەلىيەتتە بىر گەۋدەگە، بىر ۋۇجۇدقا ئايلىنىپ كېتەتتى. شۇنداق بولغاچقا، «فەنا» ـ «ھۆسنى مۇتلەق»قە ئاشىق بولغان چىن ئاشىقنىڭ ئاخىرقى مەقستى ئىدى. گەرچە تەسەۋۋۇپنىڭ بۇ يۇقۇرى باسقۇچى«فەنا» دېگەن بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى مەنىسىنى شەرھىلەش ئۈچۈن، نەۋايى ئېيىتقاندەك يۈز رىسالىمۇ كەملىك قىلاتتى:

دېدىڭ «فەنا» نېدۇر؟ مۇختەسەر دەيىن: «ئۆلمەك»،
كى شەرھىنى تىلەسەڭ يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر.

«فەنا» تەلىماتى تەسەۋۋۇپتىكى مۇرەككەپ چۈشەنچە، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، نەۋايى غەزەللىرىدە «فەنا»، يەنى ئۆزلۈكنى يوقۇتۇپ

ھەق ۋۇجۇتقا قوشۇلۇپ، ئەبەدىيلىك ۋە چەكسىزلىككە ئېرىشىش ئىدىيەسى چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن:

كىم نەۋايىنىڭ فەنا ۋادىسىدا ئېتەر ھوزۇر،
كەچسۇن ئۆزىدىن بەلكى خۇد ئۆزلۈكنى ھازىر كۆرمەسۇن.

دېمەك، نەۋايى بۇ مىسرالاردا ھەق ۋۇجۇدىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقىي مەشۇقنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن «فەنا»لا ئىنساننى ئۆزلۈكتىن، ئىنسانىي نەپسى-بالادىن ھالقىتىپ، ئەبەدىيلىككە ئېلىپ بارىدۇ، دېگەننى ئالغا سۈرىدۇ. بولۇپمۇ شائىرنىڭ نەزەرىدە ئۆزلۈكتىن ھالقىغان «فەنا» قايىنمى ھەقىقىي تەسەۋۋۇپ ئىدى. بىز بۇنى تۆۋەندىكى غەزەللەردىن تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز:

قىلىپ ھەق ۋۇجۇدىدا مەھۋ ئۆز ۋۇجۇدىن،
نەۋايى، مۇنى بىل تەرىقى تەسەۋۋۇپ.

مەندە يا رەب قويما مەنلىكتىن نىشان،
ئۆزلۈكىمدىن مەھۋ قىل دامەنگە شان.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، شائىرنىڭ قارىشىچە، ئىنسان مەڭگۈلۈك گۈزەللىك بولغان ھەق ۋۇجۇدقا يېتىشسە «مەن»دىن كېچىشى كېرەك. چۈنكى،«مەن»-«ئۆزلۈك»تىن ئىبارەت بولۇپ، «ئۆزلۈك»تىن قىيالمىغان ئىنسان مۇقەررەر يوسۇندا ئادىمىي نەپسى-بالاغا ئەسىر بولاتتى. شۇڭا «فەنا» (يوقلۇق، ئۆلۈم) ئىنساننى چەكلىك «ئۆزلۈك» دۇنياسىدىن چەكسىز «ئۆزلۈكسىزلىك» دۇنياسىغا ئېلىپ چىقىشتىكى كۆۋرۈك ئىدى. ئىنسان «فەنا» ئارقىلىقلا ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىپ ئەبەدىيلىككە، يەنى ھەق ۋۇجۇدىغا ئېرىشەلەيتى... مانا بۇ نەۋايى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» چۈشەنچىسىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، نەۋايى پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرىغا «فانىي»(فەنا) تەخەللۇسىنى قوللانغان. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، نەۋايىنىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىگە قوللانغان «فانىي» تەخەللۇسى بىلەن تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى «فەنا» ئاتالغۇسى ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بولۇشى چوقۇم. شائىر ئىجادىيىتىدىكى «فەنا» قاراشلىرى چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن نۇرغۇن مىسرالارمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ.

نەۋايىنىڭ پەلسەپەۋى قاراشلىرىدا يۇقۇرىدا بىز تەكىتلەپ ئۆتكەن تەسەۋۋۇپ چۈشەنچەلىرىدىن باشقا، يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن خەلقچىللىق ۋە شەرق رېنىسسانس (ئويغۇنۇش) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى ئىراسىدىكى گۇمانىزىمچى مۇتەپەككۇرلارغا خاس ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. نەۋايى ئىنساننىڭ يەككە هالەتتىكى بەخت-سائادىتى پەقەت ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ۋە سائادىتى بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن ھەقىقىي قىممەتكە ۋە مەنىگە ئىگە بولىدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇ، «ھەيراتۇل-ئەبرار» داستانىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

ئادەمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

شۇنداق بولغاچقا،نەۋايى فەرھادنىڭ شېرىنغا بولغان پاك مۇھەببىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى سۈپىتىدە قانال قېزىپ چۆلگە سۇ باشلاش مۇتىفىنى كۆچەپ تەسۋىرلىدى. نەۋايىنىڭ قەلىمى ئاستىدا شېرىنىنىڭ ۋەتىنى فەرھادنىڭمۇ ۋەتىنى ئىدى. پەقەت ئاشۇ ۋەتەن بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەندىلا، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىمۇ يېڭىچە مەنىلەرگە ئىگە بولاتتى. شۇڭا چىن شاھزادىسى فەرھاد ئەرمەن مەلىكىسى شىرىن ۋە ئۇنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە ھەرقاچان تەييار ئىدى!...

كۆپلىگەن نەۋايىشۇناس ئالىملار، نەۋايى ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن، ياۋروپا ئويغۇنۇش دەۋرىدىكى گۇمانىزىم روھىغا ئىگە سەنئەتكارلارغا ئوخشاش كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادە قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. روس شەرقشۇناسلىرىدىن ژىرمۇنسكىي: «ئويغۇنۇش دەۋرىنىڭ گۇمانىستىك ئىدىئالى فەرھاد ئوبرازىدا مۇكەممەل مۇجەسسەملەنگەن» دەپ كۆرسىتىدۇ. دېمىسىمۇ نەۋايىنىڭ ئېپىك داستانلىرىدا ئەسەر قەھرىمانلىرى مىللەت، دىن، ئىرق، دۆلەت ۋە جوغراپىيەلىك چەكلىمەلەرنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى نامايەن قىلىدۇ. خۇددى شەرقشۇناس كونراد ئېيتقاندەك، نەۋايى قەھرىمانلىرى تۈرلۈك-تۈمەن خەلقلەرگە مەنسۇپ. مەسىلەن، فەرھاد چىنلىق، شاپۇر ئىرانلىق، شېرىن ئەرمىنىيەلىك، قەيس ئەرەب، ئىسكەندەر يۇنانلىق. ئۇنىڭدىن باشقا نەۋايى خاقانى چىن بىلەن يۇنانىستاننى يېپەك يولىنىڭ شەرقى بىلەن غەربىدىكى ئىككى بۈيۈك مەدەنىيەت ئوچىقى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. يۇنان مۇتەپەككۇرلىرىدىن فىساغۇرس (پىفاگور)، بۇقرات (ھىپپوكرات)، سوقرات، ئەفلاتون (پلاتون)، ئەرەستو (ئارىستوتىل) قاتارلىقلارنىڭ ناملىرىنى كۆپ قېتىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. نەۋايى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىلغار گۇمانىستىك ئىدىيەلىرىنى فەرھاد ئوبرازىغا سىڭدۈرىدۇ. دەرۋەقە، «فەرھاد ئوبرازىدا ئويغۇنۇش دەۋرىگە خاس ئىدىيەلەر ھەقىقەتەن روشەن ئەكس ئەتكەن، شەرق ئويغۇنۇش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن نەۋايى قەھرىمانلىرىنىڭ مۇھەببىتى ئۆلۈمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. فەرھاد مېھنەتكەش، ئىجادكار، قۇرغۇچى، تاش كېسەر، ھەيكەلتاراش، نەققاش، رەسسام، قانال قازغۇچى، جەڭچى ۋە سەركەردە، شائىر ۋە مۇتەپەككۇر، قەدىمكى مەدەنىيەت ۋارىسى، سوقراتنىڭ شاگىرتى. فەرھاد ئەنە شۇنداق كۆپ قىرلىق شەخس. ئۇنىڭ مۇنداق مۇرەككەپ شەخس ئىكەنلىكى بىر ئەلنىڭ، بىر دەۋرنىڭ ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك دەۋر ۋە خەلقلەرنىڭ - گىرېكلار، پارسلار، ئەرەبلەر، ئەرمەنلەر ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ». شۇڭا نەۋايى بۇ نۇقتىدا

مىللەت، دىن، ئىرق ۋە مەملىكەت چېگرالىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يۈزلىنىدۇ ھەمدە كۈچلۈك گۇمانىزىملىق روھنى ئىپادە قىلىدۇ:

كۆڭۈلنى ئالسە مەلاھەت بىلە تەفاۋ رۇھنى يوق،
خىتاۋۇ ئۇلسۇنو يا ئەرمەنى ۋەيا ھىندۇ.

ھۆسن چۈن جىلۋە قىلۇر، ئاقۇ قارادا يوق پەرق،
كىشكە كەلسە بەلا، خاھى خىتا خاھى ھەبەش.

مەن تىلەپ ھۆسن ۋەلى شاھ تىلەپ ئەسلۇ نەسەب،
ماڭا لولى بىلەن ھىندۇ، ئاڭا قونغىراتو قىيا.

دېمەك، نەۋايى شەرق ئويغۇنۇش دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى باسقۇچىدىكى گۇمانىزىملىق روھقا ئىگە مۇتەپەككۇرلارنىڭ، جۈملىدىن ئۆمەر ھەييام، فىردەۋسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامى گەنجىۋى، خۇسرەۋ دېھلىۋى، ئەتتار، سەئدىدىن كاشغەرى، ئابدۇراھمان جامى قاتارلىقلارنىڭ ئىلغار پىكىرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، مىللەت، دىن، ئىرق ۋە مەملىكەت چېگراسىدىن ھالقىغان خەلقلەر دوستلۇقىنى قىزغىن مەدھىيەلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئەلىشىر نەۋايى يەنە يېپەك يولىدىكى ئەڭ چوڭ سىنكرىتىك (ئارلاشما) مەدەنىيەت نامايەندىسى سۈپىتىدە ئۆز ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «خەمسە نەۋايى»دا چىن خانلىقىنىڭ، ئىران پادىشاھلىقىنىڭ، ئەرەب دالاسىنىڭ، ئەرمەن يۇرتىنىڭ، ھەتتا مىسىر ۋە ھىندىستاننىڭ سىمۋوللاشقان تەسۋىرى ۋە قەھرىمانلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ ‹سەددى ئىسكەندەر› داستانىدا گىرىك پەلسەپەسى تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى غايەۋى پادىشاھ سىماسىدا تەسۋىرلەپ، پەلسەپە، پەزىلەت، مۇھەببەت ۋە بەخت ـ سائادەتتىن تەشكىل تاپقان ئوتوپىك جەمئىيەت تەسەۋۋۇرىنى بەدىئىيلەشتۈردى».

ئۈنىڭدىن باشقا، نەۋايىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ۋە ئىجتىمائى ئىدىيە سىستېمىسىدا ئەخلاق ۋە ئىستېتىك غايەلىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ نەۋايىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانى بىلەن ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يازغان «مەھبۇبۇل-قۇلۇپ» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنىڭ ئەخلاق قاراشلىرى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. نەۋايى بۇ ئەسەرلىرىدە شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى پەندى-نەسىھەت ۋە دىداكتىك ئەسەرلەرگە ئەنئەنە بولغان ماقالات ۋە ئىبرەتلىك ھېكايە ئۇسلۇبىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھايات پەلسەپەسىنى شەرھىلىدى. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇق، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، ئادىللىق بىلەن زوراۋانلىق، ۋاپادارلىق بىلەن دۈشمەنلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەخلاق مۇناسىۋەتلەرگە بولغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئائىلەدىن تارتىپ جەمئىيەتكىچە، شەخستىن تارتىپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكىچە، ئەر-ئاياللار مۇناسىۋىتىدىن تارتىپ جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىغىچە بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئەندىزەلىرى ئۈستىدە توختالدى. نەۋايىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى ئۆتكۈر بايانلىرى كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە خەلق ماقال-تەمسىللىرى ۋە ئەقلىيە سۆزلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى.

بولۇپمۇ نەۋايىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قاراشلىرى ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىدا مۇھىم ئورۇن تۇتتى. نەۋايى يېتىلگەن شائىر ۋە مۇتەپەككۇر بولۇشىغا قارىماي، ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزگىللىرىدە دۆلەت ئىشلىرىغا بىۋاستە ئارىلاشقانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ مەلۇم نۇقتىدىن، سىياسىيون ۋە جامائەت ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي-سىياسىي قاراشلارغا ئىگە ئىدى. پادىشاھ بىلەن خەلق، دۆلەت بىلەن شەخس، سىياسىي بىلەن جەمئىيەت، ئىجتىمائى تەبىقەلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلەلەرنى نەۋايى «ھەيرەتۇل -ئەبرار»، «سەددى ئىسكەندەريي»، «مەھبۇبۇل-قۇلۇپ» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە تەپسىلىي يورۇتقانىدى.

# يەتتىنچى باب: نەۋايى ۋە تۈركىي تىلى ئىنقىلابى

تىل ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى. ياكۇب گرىم: «بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر. بىر مىللەتنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئۇستىخان-سۆڭەك، قەبرە-كېپەنلەرگە قارىغاندا، تېخىمۇ جانلىق بىر پاكىت باركى، ئۇ بولسىمۇ دەل ئۇلارنىڭ تىلىدۇر» دەيدۇ. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر تاشلىساق، بىر ئەل ياكى بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋرى - دەل ئۇلارنىڭ مىللىي تىلىنىڭمۇ زور دەرىجەدە تەرەققىي قىلغان ۋە تاكامۇللاشقان دەۋرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

**ئەسكەرتىش: ئەسەرنىڭ داۋامىنى تەرجىمان تېخى پۈتكۈزمىگەن.**